
# قىز-چوكانلار يۇمۇرلىرى




شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# قىز-چوكانلار يۇمۇرلىرى



ISBN 7-228-06518-2
9 787228 065189 >

ISBN 7-228-06518-2
I·2410(民文) 定价:8.50元

# قىز-چوكانلار يۇمورلىرى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

少女幽默精华/哈德尔·阿尔斯兰编译．—乌鲁木齐：新疆人民出版社．2001.7

ISBN 7—228—06518—2

Ⅰ．少...　Ⅱ．哈...　Ⅲ．笑话—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）　Ⅳ．1277.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2001)第 041014 号

责任编辑：帕提古丽·米吉提
封面设计：艾克白尔·萨力
责任校对：阿斯亚·艾合买提

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮编：830001）
新疆新华书店发行　新疆畜牧印刷厂印刷
787×1092 毫米　32 开本　6 印张　1 插页
2001 年 8 月第 1 版　2001 年 8 月第 1 次印刷
印数：1—3000

ISBN 7—228—06518—2/I.2410　定价：8.50 元

مەسئۇل مۇھەررىرى: پاتىگۇل مىجىت
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
مەسئۇل كوررېكتورى: ئاسىيە ئەخمەت

# قىز ـ چوكانلار يۇمۇرلىرى

تۈزگۈچى: قادىر ئارسلان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ چارۋىچىلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 6 قىستۇرما ۋارىقى: 1
2001 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2001 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 1—3000
ISBN7—228—06518—2/I • 2410
باھاسى: 8.50 يۈەن

## ئاۋۋال سالاملىشىپ، ئاندىن ئۇرۇشۇش

تويغا بارغان ئىككى قىزنىڭ بىرى سوراپتۇ:
— يىگىت بىلەن قىز نېمىشقا توي مۇراسىمىدا بىر-بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالىدۇ؟
— بۇ بىر خىل ئادەت. بۇ خۇددى بوكسچىلارنىڭ مۇسابىقە باشلىنىش ئالدىدا قول تۇتۇشقىنىغا ئوخشايدۇ.

## بىخەتەر جاي

سىرتقا كۆپ چىقمايدىغان بىر قىز تۇنجى قېتىم يىگىتى بىلەن ئۇچراشقىلى بارغاندا، يېرىم كېچىگىچە قايتىپ كەلمەپتۇ. ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ، كېچىچە تېلېفوننىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپتۇ. كېچە سائەت ئۇچ بولغاندا، قىزدىن تېلېفون كەپتۇ:
— دادا، ئاپا، مېنىڭدىن ئەنسىرىمەي خاتىرجەم ئۇخلاۋېرىڭلار، مەن مۇتلەق بىخەتەر بىر جايدا تۇرۇۋاتىمەن.
— قەيەردە؟
— ساقچى ئىدارىسىنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدا.

## ئۇچرىشىش

— سەن نېمە ئۇچۇن دائىم قىز دوستۇڭ بىلەن كەچ

سائەت توققۇزدىن كېيىن ئۇچرىشىشنى تەلەپ قىلىسەن؟ بىر يازغۇچىنىڭ «مۇھەببەت قاراڭغۇلۇققا موھتاج» دېگەن سۆزى راست ئوخشىمامدۇ؟
— بۇمۇ ناتايىن. ئىراق، ماگىزىنلار سائەت توققۇز-دىن كېيىن تاقىلىدىكەن ئەمەسمۇ!

## ئورتاقلىق

ئەنگلىيىدىكى بىر ئاياللار كۇلۇبى «فانداق قىلغاندا ئىكاھ بەختلىك بولىدۇ» دېگەن بېمىدا مۇھاكىمە ئېلانى چىقىرىپتۇ. ئېلاندا مۇنداق بىر سۆز بار ئىكەن: «سىزنىڭ ئېرىڭىز بىلەن فانداق ئورتاقلىقىڭىز بار؟»
بىر ئايال بۇ سۆزنىڭ ئاخىرىغا بىر جۇملە سۆزنى يېزىپ قويۇپتۇ: «ئورتاقلىقىمىز شۇكى، بىرئىككىمىز بىر كۈندە توي قىلغان.»

## ئەگەر ئۆكىڭىز بولغان بولسا

بىر قىزغا تەكلىپ قويماقچى بولغان بىر يىگىتكە ئاغىنىسى دەپتۇ:
— ئۇ قىز بىلەن كۆرۈشكەندە، گەپ - سۆزگە دىققەت قىل، ئاغزىڭغا كەلگەننى دەۋەرمە!
— ئېيتقىنا، قىز بالا بىلەن ئېمىلەر توغرۇلۇق سۆز-لەشكەن ياخشى؟
— ئەڭ ياخشىسى، مۇھەببەت، ئائىلە، پەلسەبە دېگەن

تېمىلاردا پاراڭلىشىش كېرەك.
يىگىت قىز بىلەن باغچىغا سەيلىگە بارغاندا، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:
— شاكىلات يېيىشنى ياخشى كۆرەمسىز؟
— ياخشى كۆرمەيمەن، — دەپتۇ قىز.
— ئۇكىڭىزچۇ؟ ئۇكىڭىز شاكىلات يېيىشنى ياخشى كۆرەمدۇ؟
— مېنىڭ ئۇكام يوق.
— ئېيتايلۇق، ئەگەر سىزنىڭ بىر ئۇكىڭىز بار بول- غان بولسىچۇ؟ ئۇ شاكىلاتنى ياخشى كۆرەرمىدى؟

## ئەجەبلەنگۈچىلىكى يوق

بىر يىگىت بىر قىز بىلەن تانسا ئويناپتۇ.
يىگىت: بۈگۈنكى مۇزىكىلار ئادەتتىكى چاغلاردىكە- دىن ئىككى ھەسسە قىسقىراپ كەتكەندەك تۇرىدۇ.
قىز: بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈچىلىكى يوق، دىرىژور مېنىڭ بولغۇسى ئېرىم.

## ئىككىلەن پاراڭلىشىپ تۇرايلى

قىز: سائەت بەشتىن نارىسىپ ساقلاۋاتىمەن، يىگىتىم تېخىچە كەلمەيۋاتىدۇ.
يىگىت. مەن قىز دوستۇمنى ساقلاۋاتقىنىمغا قىرىق مىنۇت بولدى!

قىز: ئادەمنى ئەجەبمۇ نەقەززا قىلدى!
يىگىت: بولدىلا، بىز ئۇلارنى كۈتمەيلى.
قىز: ئەمىسە، قانداق قىلىمىز؟
يىگىت: كەلمىگەنلەر كەلمەيلا قويسۇن، ئىككىمىز پاراڭلىشىۋەرمەيلىمۇ؟!

## شۇم خەۋەر

ئاياللار كېسەللىكلىرى دوختۇرى چىرايلىق بىر ئايال بىمارنى تەكشۈرۈپ بولۇپ دەپتۇ:
— خانىم، سىزگە بىر خۇش خەۋەرنى ئېيتىمدىغان بولدۇم.
— مەن خانىم ئەمەس، خانقىز.
— هە؟! ئۇندافىنا، مەن سىزگە بىر شۇم خەۋەرنى ئېيتىمدىغان بولدۇم.

## ئاساس

ئېغىر كېسەل بىلەن ئورۇن تۇتۇپ ياتقىنىغا ئۇزاق بولغان بىر ئايال ئۆزىنىڭ مال - مۈلكىگە مىراسخورلۇق قىلىشقا ئالدىراۋاتقان قىزلىرىغا دەپتۇ:
— يېقىندىن بۇيان، مېنىڭ كېسىلىم بارغانسېرى ياخشىلىنىپ كېتىۋاتىدۇ.
— قانداق بىلدىڭ؟ — ئالدىراپ سورايتۇ كىچىك قىزى.

— مىراسخورلىرىمنىڭ چىرايىدىكى ئۈمىدسىزلىنىش ئالامەتلىرىدىن بىلدىم.

## كۆيۈنۈش

فونسا ئايال: بالىڭىزنىڭ نېخى چىشى چىقماي تۇرۇپ ئەمچەكتىن ئايرىۋېتىبسىزغۇ؟

ئانا: چىشى چىققاندا ئايرىسام، قاتتىق چىشلەپ قويۇپ، مۇشكۈل كۈنگە قالمىسۇن دېدىم.

## دېگىنىڭنى قىلاي دېدىم

خىرمەنتىن قايتىپ كەلگەن بىر ئايال ئېرىنىڭ فىلىۋافاں ئىشىنى كۆرۈپ، كايىپ كېتىپتۇ:

— ۋىيەي، نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ بىپىپىڭى بەلتۇنىڭ نېسىنى كېسىۋېتىبسىزغۇ؟

— سەن دائىم، مەندەك ئانالنىڭ پېسىدە ئاماز ئوقۇساڭ بولىدۇ، دەپ يورگەچكە، بۇگۈن بەلتۇيۇڭنىڭ پېشىنى جانىمار قىلاي دېدىم.

## ئۈزىتىش

ئەر: ئالدىنقى قېتىم سەپەرگە چىققىنىمدا، مېنى كۆز يېشى بىلەن ئۈزىتىپ قويغانىدىڭ. ئەجەبا بۇ قېتىم كۈلۈپ ئۈزىتىۋاتىسەنغۇ؟

ئايال: ئۆتكەندە كۆز يېشى قىلىپ ئۆزاتسام، بىر ئايلىق كېيىن ئۈچ كۈن بولمايلا قايتىپ كەلدىڭىز. شۇ- ڭا، بۇ قېتىم قانداق بولىدىكىن دەپ، كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇزىتىۋانىمەن.

## ئەپچىل جاۋاب

ئېلىزا دوستىغا نەتەنە بىلەن دەپتۇ:

— سەن ئالېكسىنىڭ توي قىلىش تەلىپىنى رەت قى- لىپ قاتتىق خاتالاشتىڭ. مانا ئەمدى ئۇ مېنىڭ بىلەن توي قىلدى.

— بۇنىڭغا ئەجەبلەنمەيمەن. مەن رەت قىلغان چاغدا، ئۇ، ئازابلىنىش نۇپەيلى هاماقەتلەرچە بىر ئىش قىلىپ قويۇشۇم مۇمكىن، دېگەنىدى.

## پاقا مەلىكە

بىر بوۋاي دەريادا قولۋاق هەيدەپ كېتىۋاتسا، بىر پاقا قولۋاققا سەكرەپ چىقىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەپەندى، مەن ئەسلىدە بىر ساهىبجامال قىز ئى- دىم، جادۇگەر مېنى مۇشۇ هالغا كەلتۈرۈپ قويدى. سىز مېنى بىرىنى سۆيۈپ قويسىڭىزلا، بىز بىللە بەختلىك تۇر- مۇش كەچۈرەلەيمىز.

بوۋاي پاقىنى يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپ، قولۋۇقنى قىرغاققا قاراپ هەيدەپتۇ.

— ئەپەندى، مەن راستىنلا مەلىكە بولىمەن! سىز بىرنى سۆيۈپ قويسىڭىز، ماڭا ئىبرىسەلەيسىز، — دەپتۇ پاقا يەنە.

بوۋاي بەسلا زۇۋان سۇرمەي فىرغاققا چىقىپ، ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ. پاقا جىددىيلىشىپ:

— سىز يېمىشقا مېنى سۆيۈپ قويماسىز، ماڭا ئىشەنمەيۋانامسىز يا؟ — دەپتىكەن، بوۋاي دەپتۇ:

— ئاڭلىدىم، خانقىز، بىراق مەن سەكسەن باشقا كىردىم. بۇ دېمەتلىك بولغىنىمدا، ماڭا پەقەت گەپ قىلالايدىغان پاقىدىن نىرى بولسىلا كۇپايە.

## هازىرقىسىنى بىلگۈم بار

قىز: دادام ياش ۋاقتىدا قانىنى يېيىپ كەتكەنىكەن. سىزنىڭ ئۇنىڭ قانداق يېيىغانلىقىنى بىلگۈڭىز بارمۇ؟

يىگىت: ياق، مېنىڭ دادىڭىزنىڭ هازىرمۇ باي، باي ئەمەسلىكىنى بىلگۈم بار.

## خوتۇنىنى باشقۇرۇش قىيىن

بىر قىز ئاچىسىدىن سوراپتۇ:

— ئېيتقىنا، بىر دۆلەتنىڭ پادىشاھى ئون تۆت يېشىدا تەختكە ئولتۇرۇپ دۆلەتنى باشقۇرۇپتۇ، ئەمما ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە ئايدىن ئۆيلىنىپتۇ. بۇ نېمە ئۇچۇن؟

— چۈنكى، خوتۇننى باشقۇرۇش دۆلەتنى باشقۇرۇشتىن قىيىن - دە!

## بۇ نېمىنى بىلدۈرىدۇ

يىگىت: كېچە چۈشۈمدە سىزگە توي تەكلىپى قوبۇل قىلمىدىم. ئېيتىڭا، بۇ نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟

قىز: بۇ سىزنىڭ ئويغاق ۋاقتىڭىزدىكىگە قارىغاندا، ئۇخلاۋاتقان چېغىڭىزدا بەكرەك ھېسسىياتچان ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدۈرىدۇ.

## ئىرسىيەت ۋە مۇھىت

ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان قىز «ئىرسىيەت ۋە مۇھىت» دېگەن تېمىدا ماقالە يازماقچى بولۇپ، گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەپتۇ. ئانىسى ئۇنىڭ قىينىلىپ ئولتۇرغانلىقىغا چىدىماي ئېغىز ئېچىپتۇ:

— ئەمەلىيەتتە، بۇ مەسىلە نولىمۇ ئاددىي! ھەممىگە مەلۇم، ئەگەر بالا دادىسىغا ئوخشىسا، بۇنىڭ ئۆزى ئىرسىيەت؛ قوشنىسىغا ئوخشاپ قالسا، بۇ دەل مۇھىت!

## يەنىلا سول قۇلىقىمغا گەپ قىلىڭ

قىز: توي قىلىدىغان چېغىمىزدا، ماڭا مىڭ يىلنىڭ خۇرۇم پەلتۇ ئېلىپ بېرەلەمسىز؟

ىگىنت: ىىمە دېدىڭىز؟ ھەى - ى، سول قۇلىقىم گاس، ئاكلىيالمىدىم.

قىز: ئەمىسە، ئوڭ قۇلىقىڭىزغا گەپ قىلاى. بۇى قىلىدىغان حىجمىتىڭىزدا، ماكا ئىككى مىڭ يۈەنلىك حۆرۆم بەلنۇ ئىلىپ بېرەلەمسىز؟

ىگىنت. نىمە؟! ئوڭ قۇلىقىممۇ كاردىن چىقىپتۇ - دە. بەلكى سول قۇلىقىمغا گەپ قىلسىڭىز بولغۇدەك.

## يامغۇرنى ياخشى كۆرىدىغان قىز

«ئا». يامغۇر ياغقاندا قانداق ياخشى، مەن شۇنچە خۇش بولۇپ كېتىمەن.

«ب». سىز نەك رومانىنىڭ ئوقۇسىنامىسىز؟

«ئا»: نەدىكىنى! مەن دېگەن كۆڭلۈك ساتىدىغان ئاد-دىي بىر قىز.

## ھەجۋىي رەسىم سىزالمايمەن

بىر قىز بىرنەچچە يىل ئىزچىللىق قىلىپ، ئاخىر «ئاياقلىق شائىرە» دېگەن نامغا ئېرىشىپتۇ. شۇنىڭ بى-لەن، ئۇ ئۆيىگە بىر رەسسامنى تەكلىپ قىلىپ:

— سىزنى مۇنداق ئىش بىلەن ئۆيگە تەكلىپ قىلدىم: مېنىڭ بىر پارچە رەسىمىمنى سىزىپ بەرسىڭىز، رەسىمدە مېنىڭ روھىي ھالىتىم ئىپادىلەنسە، — دەپتۇ.

رەسسام ئۇنىڭغا بىرھاراغىچە سەپسېلىپ تۇرۇپ كې-
تىپ، ئاندىن دەپتۇ:
— كەچۈرۈڭ، مەن بۇ ئىشنى ئورۇندىيالمىغۇ-
دەكمەن.
— نېمىسقا ئەمدى؟!
— چۈنكى، مەن ھەجۋىي رەسىم سىزالمايمەن.

## ئىقتىسادچىللىق ۋە بېخىللىق

قىز. دادا، ئىقتىسادچىللىق بىلەن بېخىللىقنىڭ نېمە پەرقى بار؟
ئاتا: ساڭا بۇنى بىر مىسال بىلەن چۈشەندۈرەي: مەن پۇل خەجلەشتە تېجەشلىك بولسام، ئاپاڭ مېنى بەك ئىقتىسادچىل، دەپ ماختايدۇ، مەن ئاپاڭنى تېجەشلىك بول، دېسەم، ئۇ مېنى بەك بېخىل، دەيدۇ.

## بويسۇنۇش

ئايال بوينىڭ خادىمى ۋاگون دېرىزىسى قېشىدا ئۇخلا-
ۋاتقان بىر قىزنى تۇرتۇپ ئويغىتىپتۇ:
— قىزچاق، بېلىتىڭىزنى چىقىرىڭ.
— بېلەتتىم يوق.
— بېلەتتىم يوق؟ ئەمىسە، نەگە بارىسىز؟
— ھېچ يەرگە بارمايمەن.
— ئەمىسە، بۇ پويىزدا نېمە قىلىسىز؟

— ۋوگزالدا تۇرسام، بۇ پويىزنىڭ كانىيىدىن: «كۆپچىلىك، نىزرەك پويىزغا چىقىڭلار» دېگەن ئاۋاز ئاڭ-لاندى. شۇنىڭ بىلەن، ئامالسىز پويىزغا چىقىپ قالدىم.

## كومپيۇتېر ئارقىلىق لايىق تاللاش

— بىر ئايال كومپيۇتېر ئارقىلىق لايىق تونۇشتۇرۇش ئورنىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ شەرتلىرىنى كومپيۇتېرغا كىر-گۈزۈپتۇ. «بويى ئانچە ئېگىز بولماسلىقى، دائىم فراك كىيىپ يۈرىدىغان، مۇز تېيىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان بو-لۇشى كېرەك.»

سۇ هامان كومپيۇتېر ئېكرانىدا جاۋاب پەيدا بوپتۇ: «پىنگۋىن».

## ئاددىي تەبرىكلەش

— بىر ئايال كۈن بويى جاۋۇلدابلا يۈرىدىكەن.

ئايال: — بىز توي خاتىرە كۈنىمىزنى قانداق تەبرىكلە-سەك بولار؟

ئەر: ئۈچ مىنۇت سۈكۈتتە تۇرساق قانداق؟

## ئۆكمەيدىغان كىيىم

— بىر قىز بىر كازجىكتىن سوراپتۇ:

— بۇ هازىر ئەڭ مودا بولۇۋاتقان كۆكلەكمۇ؟

— ھەئە!
— ئاپناپتا رەڭگى ئۆڭۈپ كەتمەيدىغاندۇ؟
— شۇمۇ گەپ بوپتۇ! بۇ كۆڭلەك ۋيرىسادا سىر يىلى تۇرغان، فاراڭ، يەنە يېپيېڭى تۇرمامدۇ!

## قىزچاقنىڭ خېتى

بىر كۈنى، ئەنگلىيىلىك مەشھۇر يازغۇچى بېرنارد شاۋ بىر قىزنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋاپتۇ. خەتتە مۇنۇلار يېزىلغانىكەن: «سىز مېنى ئەڭ قايىل قىلغان يازغۇچى. سىزگە بولغان ھۆرمىتىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، كۈچۈككە ئىسمىڭىزنى قويماقچى بولدۇم. ئۆيى تۇغقانلىرىم بولغان كۈنۈمدە سوۋغا قىلغان. سىزچە، شۇنداق قىلسام بولامدۇ؟»

بېرنارد شاۋ جاۋاب خەت يېزىپتۇ: «سۆيۈملۈك قىزىم، خېتىڭىزنى ناھايىتى قىزىقىپ ئوقۇدۇم ھەمدە سىزنىڭ ئويىڭىزنى ماقۇللىدىم. لېكىن، ئەڭ مۇھىم مەسىلە شۇكى، سىز بۇ ئىشنى كۈچۈكىڭىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرگىنىڭىز تۈزۈك!»

## ئۇلۇغ ئايال يازغۇچى

ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىر قىز ئوقۇغۇچىسى ئوقۇتقۇچىدىن سوراپتۇ:
— ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىزدەك قىز ئوقۇغۇچىلىرى-

ىنىڭ نورمۇشىنى ئەڭ ياخشى يازالايدىغان بىرەر ئۇلۇغ ئايال يازغۇچى بارمۇ؟

— بار؟

— ئۇ كىم؟

— ۋاقىت.

## دائىم ئەمەس

ئىمىسھان ئالغۇچى خادىم دىكمورلۇقفا ئىمىنىھان بەر- گەن بىر قىردىن سوراپتۇ:

— ئېيىمىڭا، سىز دائىم موسۇىداق دۇدۇقلامسىز؟

— يا... يا... ياق، پە... پەقەت سۆزلىگەن... سۆزلىگەن جا... جاغلاردىلا مۇ... مۇشۇنداق...

## توي كەمپوتى يەيمىز

قىز: ئاپا، بۈگۈن نېمە تاماق يەيمىز؟

ئانا: بۈگۈن تاماق يېمەيمىز، توي كەمپوتىلا يەيمىز!

قىز: نېمىشقا؟

ئانا: چۈنكى، بۇ ئايلىق مائاشىمىزنىڭ ھەممىسى تويغا كەتتى.

## ✓ دوختۇرنىڭ دىئاگنوزى

كېسەل كۆرسەتكىلى كەلگەن بىر قېرى قىز ئۆزىنى

ياش كۆرسەتمەكچى بولۇپ، دوختۇرنىڭ سوئالىغا:
— ئەمدىلا ئون بەتنىگە كىردىم! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
دوختۇر دەرھال ئۇنىڭ كېسەل تارىخى قەغىزىگە مۇنۇ سۆزلەرنى يېزىپ قويۇپتۇ: «ئېغىر دەرىجىدە خاتىرىسىنى يوقاتقان!»

## ئوت كەتسە

ناخشىچى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان بىر قىز نۆۋەتچى دەرسنى ئاڭلاپ بولۇپ، مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسىدىن سوراپتۇ:
— ئېيتىڭا، مۇئەللىم، مېنىڭ ئاۋازىم ئەسقاتىدىغان-دەك قىلامدۇ؟
— ئەگەر بىرەر يەرگە ئوت كېتىپ قالسا، ئاۋازىڭىز تازا ئەسقاتقۇدەك.

## ئىقتىسادچىل ئانا

قىز: ئاپا، ئىدارەڭدىكى بەزى كىشىلەر سېنى بەك بەتخەج، دەيدۇ.
ئانا: شۇنداقمۇ؟ سېنىڭچە، مەن راستىنىلا بەت-خەجمۇ؟
قىز: ياق، سەن بەك ئىقتىسادچىل!
ئانا: قانداق دەيسەن؟
قىز: بىز ئاپتوبۇسقا ئولتۇرغاندا، سېنىڭ بىرەر قې-

نىم بىلەن ئالغىنىڭنى كۆرۈپ باقمىدىم.

## خەۋەر دېگەن نېمە

ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىر قىز ئوقۇغۇچىسى سوراپتۇ:
— مۇخبىر ئەپەندى، خەۋەر دېگەن نېمە؟
— ئېيتايلۇق، ئەگەر بىر ئىت ئادەمنى چىشلىۋالسا، بۇ خەۋەر بولالمايدۇ؛ بىراق، بىر ئادەم ئىتنى چىشلىۋالسا، مانا بۇ ئىش خەۋەر بولالايدۇ.

## «ساغلاملىق گېزىتى»

قونشۇمچە نېمەكىلىكلەر ماگىزىنىغا كىرگەن بىر قىز پىرىكازچىكقا دەپتۇ:
— بۇ نەرسىلەرنى كونا گېزىتكە ئورىمىسىڭىز بولاتتى، گېزىت دېگەن پاكىز ئەمەس.
— كېرەك يوق، بۇ دېگەن «ساغلاملىق گېزىتى».

## تاللاش

قىز: ئاپا، مەن ياتلىق بولماقچى بولسام، دادامغا ئوخشاش بىر ئەرنى تاپىمەن.
ئانا: ياخشى!
قىز: ياتلىق بولمايدىغان بولسام، ھاممامغا ئوخشاش قېرى قىز بولۇپ قالارمەنمۇ؟

ئانا: شۇنداق.

قىز: شۇنىڭدىن قارىغاندا، ئىككى يولنىڭ قايسىسى-نى تاللىغان بىلەن، بەربىر ئايال كىشى بەك بىچارە بولۇپ قالىدىكەن - دە!

## ئىسپىلىك نەزەرىيىسى

«ئا» قىز: ئاخىر مەن ئېينشتېيننىڭ ئىسپىلىك نەزەرىيىسىنى چۈشىنىۋالدىم.

«ب» قىز: سەن راستىنلا قالتىسكەنسەن! ماڭا سۆزلەپ بەرگىنە.

«ئا» قىز: باغچىدا مەن يىگىتىمنى ساقلىغان چاغدا، ۋاقىت تولىمۇ ئاستا ئۆتىدىكەن، يىگىتىم كەلگەن ھامان، ۋاقىت ئىردىنلا تېزلىشىپ كېتىدىكەن.

## سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك بولسۇن

چىشى قاتتىق ئاغرىپ كەتكەن بىر قىز چىش دوختۇ-رىنىڭكىگە كۆرۈنگىلى بېرىپتۇ.

— ئەپەندى، — دەپتۇ ئۇ دوختۇرغا، — دېمەكچى بولغانلىرىم بەلكىم ئەمەلىي بولماسلىقى مۇمكىن، لېكىن مېنىڭچە بالىلىق بولۇش چىش ئاغرىقىنى تارتىشتىن ئاسان-راق بولسا كېرەك.

— ئۇنداق بولسا، سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك بول-سۇن، — دەپتۇ چىش دوختۇرى، — شۇ تاپتا سىزنىڭ

چىش تارتقۇزغۇڭىز بارمۇ ياكى يالىلىق بولغۇڭىز بارمۇ؟

## شۇلاردىن باشقا كۈنلەردە

بىر قېرىچاق بوياقچىلىق دۇكىنىغا كىرىپتۇ.

— بۇ كۆڭلىكىمنى دۇنيادا يوق بىر خىل رەڭ بىلەن بوياپ بەرسىڭىز.

— چاتاق يوق.

— ئەمىسە، قاچان ئالغىلى كەلسەم بولىدۇ؟

— دۈشەنبە، سەيشەنبە، چارشەنبە، پەيشەنبە، جۈمە، شەنبە، يەكشەنبىدىن باشقا ھەرقانداق كۈندە كەلسىڭىز بولىۋېرىدۇ!

## بولىدىغان تىجارەت

ئالفېرېد بىلەن گىنا ئاشخانىسىدا كېچە سائەت ئون ئىككىگىچە تىجارەت قىلاتتى.

بىر كۈنى، ئۇلار كېچە سائەت ئىككىگىچە ئاشخانىنى تاقىيالمىدى. چۈنكى، بىر خېرىدار جوزىغا بېشىنى قويغىنىچە ئۇخلىۋالغانىدى. ھېرىپ ھالى قالمىغان گىنا قازان بېشىدا تۇرۇپ، ئالفىرېدقا پىچىرلىدى:

— ئاۋۇ ئەپەندىنى ئويغاتقىن. بولمىسا، مۇشۇ يېرى تاڭ ئاتقۇرىدىغان ئوخشايمىز.

ئالفېرېد خېرىدارنىڭ يېنىغا چىقىپ كېتىپ، ھايال ئۆتمەيلا قايتىپ كىردى. گىنا قارىسا، ھېلىقى خېرىدار

يەنە ئۇخلاۋاتقان. ئۇ بىرنېمە دېگۇچە، ئالفېرت يەنە چىقىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىنلا يەنە قايتىپ كىردى. بۇ هال بەش ـ ئالتە قېتىم تەكرارلاندى.

— كىرىسەن، چىقىسەن، لېكىن ئاۋۇ ئادەم يەنە ئۇيقۇدا. سەن زادى نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دېدى گىنا ئېرىگە ئاچچىقلىنىپ، — ئاۋۇ ئۇنى يا سەن كەتكۈزۈۋەت، يا مەن كەتكۈزۈۋېتەي!

— باق، خوتۇن، چىدىغىن. ئۇنى كەتكۈزۈۋەتسەك بولمايدۇ! — دېدى ئالفېرت پىخىلداپ كۈلۈپ.

— نېمىشقا؟

— مانا قارا، — دېدى ئالفېرت قولىدىكى پۇللارنى كۆرسىتىپ، — هەر قېتىم ئويغانقىنىمدا، ئۇ بىر قېتىم هېسابىنى ئۆزۈۋاتىدۇ. مانا بۇ ئوتتۇز دوللار ئالتە قېتىملىق ئويغىنىشنىڭ هېساباتى. هېسابلاپ باققىن، هەر بەش مىنۇتتا بىر قېتىمدىن ئويغىنىپ تۇرسام، تاڭ ئاتقۇچە قانچىلىك كىرىم قىلالايمىز كىن؟!

## يالغاچ بولۇپ قالىمەن

— كەتمە، قەدىرلىكىم، مېنى تاشلاپ كەتمە! — دەپ يالۋۇرۇۋېتتۇ بىر ئەر ياماڭلاپ بەرسە ـ كېرەكنى يىغىشتۇرۇۋاتقان ئايالىغا.

— مېنى قىلچە بەزىرىڭگە ئىلماي يۈرەتتىڭ، ئەجەب بۇ گەپنى قىلىپ قاپسەنغۇ؟

— دېگىنىڭغۇ توغرا. ئەمما، بىلىشىڭ كېرەككى، ئالدىنقى خوتۇنلىرىم مېنىڭدىن ئايرىلغۇچە، هەر قېتىم

بېقىش ھەققى تۆلەۋېرىپ ھالىمدىن كەتتىم. بۇ قېتىم سەن كېتىدىغان بولساڭ، مەن يالىڭاچلا بولۇپ قالىمەن.

## چېپىلغاقلىق قىلما

سودا سارىيىدا بىر قىز ئانىسىنىڭ يېڭىدىن نارىنى پىچىرلاپتۇ:

— ئاپا، ئاۋۇ يىگىت ھەميانىنى ئوغرىلىۋالدى.

— ئۆزۈڭگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا چېپىلما!

— ئىراق... ئىراق، ئۇ سىنىڭكىنى ئوغرىلىۋالدى!

— ھە!...

## ئىتنىڭ قۇيرۇقى

بىر بولۇجى ئىت ئېلەپ كېتىۋاتقان بىر قىزدىن سوراپتۇ:

— ئىسىڭىزا، سىزنىڭ ئىتىڭىز نېمىشقا قۇيرۇقىنى ئوڭ ۋە سولغا ئىشاڭلاتماي، يۇقىرى - تۆۋەنگە ئىشاڭلىتىدۇ؟

— ئەگەر سىزنىڭ ئۆيىڭىزمۇ بىزنىڭكىدەك تار بولغان بولسا، بۇ سوئالنى سوراپ يۈرمىگەن بولاتتىڭىز!

## مۇھەببەت دېگەن نېمە

گىران بىلەن خەيرۇن قەھۋە ئىچكەچ پاراڭلىشىپتۇ.

— ئېرىڭنىڭ سېنى باخشى كۆرىدىغانلىقىنى قانداق بىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ گىران.
— ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە تۇرۇپلا ئەجلەپ نۆكىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ خەيرۇن.
— بۇ مۇھەببەت ئەمەس، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش.
— بۇل لازىم بولسا دېگىنىمنى بېرىدۇ.
— بۇ دېگەن مۇھەببەت ئەمەس، مەردلىك.
— ئېرىم مېنىڭدىن ئۆزگە ھەرقانداق ئايالغا كۆز قىرىنى سېلىپمۇ قويمايدۇ.
— بۇمۇ مۇھەببەت ئەمەس، ئۇنىڭ بەزىرىنىڭ نارلىقى.
— ئۇ ھەمىشە دېرىرىلەرنى ئېچىپ بېرىدۇ.
— بۇمۇ مۇھەببەت ئەمەس، بۇ ئۇنىڭ باخشى ئادىتى.
— سامساق بەۋالىسام ياكى چېچىمغا قىسقۇچ قىستۇرۇۋالسام‌لا مېنى سۆيۈپ قويىدۇ.
— ھە، مانا بۇنى مۇھەببەت، دەيمىز.

## شۇنىمۇ كاللا دېگىلى بولامدۇ

بىر كۈنى، داڭلىق يازغۇچى ئاندىرسون كونا شىلەپىسىنى كىيىپ كوچىدا كېتىۋاتسا، بىر قىز زاڭلىق قىپتۇ:
— كاللىڭىزنىڭ ئۈستىدىكى ئاۋۇ نەرسە نېمە؟ ئۇنى «شىلەپە» دېيىشكە بولامدۇ؟
ئاندېرسون دەرھال جاۋاب بېرىپتۇ:
— سىزنىڭ چېچىڭىز يېپىپ تۇرغان ئاۋۇ نەرسە نېمە؟ شۇنىمۇ «كاللا» دېگىلى بولامدۇ؟

. قاتتىق خوش بولۇپ كېتىمەن؟

ئەر: ئاڭلىدىڭمۇ، كارسىنىنىڭ ئايالى
فىجىپ كېتىپتۇ.
ئايال: شۇنداقمۇ؟ كارسىنىنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟
ئەر: ھازىر ھەرھالدا خېلى تىنچلىنىپ قالدى. بول-
مىسا، دەسلىپىدە قاتتىق خۇش بولۇپ ئويناقشىپ يۈرەت-
تى.

## كېلىننى خورلاش

كېلىنىنى خورلاش بىلەن نام چىقارغان بىر ئايال بار
ئىكەن. بىر كۈنى، ئوغلى بىر ئۇقمۇرۇشنى كۆتۈرۈپ
كەبتۇ.
— ئۇقمۇرۇشنا نىمە دەپتۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئانا.
— مەھەللە كومىتېتىنىڭ ئۇقتۇرۇشى ئىكەن، مە-
ھەللىمىزدە كېلىنىنى خورلايدىغان ئىككىيلەن بار، كۆپ-
چىلىك دىققەت قىلىپ قويۇڭلار، دەپتۇ.
ئانا سەل ئويلىنىۋېلىپ سوراپتۇ:
— يەنە بىرى كىمكەن؟

## ئىشىك ئىزدەش

فرىدنىڭ ئايالى دائىم ئۆي جابدۇقلىرىنى ئۇياقىن

ئۇياققا بۆكەپ، قايتا ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەنلا كۈن ئۆتكۈ-
رەتتى. شۇڭا، قىرتقە ھەمىشە ئىزدىگىنىنى تاپالماي رەللە
بولۇپلا يۈرەتتى. بىر كېچىسى، قىرتقە بىر كىمنىڭ ئىشىك-
نى قاقالىقىنى ئاڭلاپ، ئۇيقۇلۇقىدا ئورنىدىن تۇرۇپ دا-
لاتقا چىقتى - دە، ئامغا ئۇسۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ
جىلە بولغان ھالدا يىقىلدى.

— ۋاي، چولق ئىشىكنى نەگە يۆتكىۋەتتىڭ؟!

## مەن يا مېكىيان بولمىسام

جېكىننىڭ ئاپالى بەكلا ئۇيقۇچان ئىكەن. ئۇ ھەر كۈنى
ئەتىگەن سائەت توققۇز بولمىغۇچە ئورنىدىن تۇرمايدىكەن.
بىر كۈنى، جېك سەپەرگە چىقماقچى بولۇپ، سەھەر
ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئۇ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ بولۇپ،
ئاپالىنىڭ شەھەر سىرتىغىچە ئۇزىتىپ قويۇشىنى ئارزۇ
قىلىپ قاپتۇ - دە، ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ توۋلاپتۇ:
— ئورنىڭدىن تۇرساڭچۇ، قەدىرلىكىم، خوراز چىللى-
لىغىلى نەۋاق!
ئاپالى ئۇيقۇلۇق ئاۋازدا جاۋاب بېرىپتۇ:
— قىزىق گەپ بولدى - دە، بۇ! خورازنىڭ چىللىشى
بىلەن نېمە كارىم، مەن يا مېكىيان بولمىسام!

## ئۇنتۇغاقلىق

ئۈچ موماي ئۆزلىرىنىڭ ئۇرمۇشى پاراڭلاشقاندا، بىر

موماي دەپتۇ:
— هازىر مېنىڭدە بىر چاتاق پەيدا بولۇپ قالدى. بەزى جاغلاردا توخلانقۇنى ئاچقاندىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ يا بىرنەرسىنى ئالماقچى بولغىنىمنى، يا بىرنەرسىنى قويۇپ قويماقچى بولغانلىقىمنى ئۇنتۇپ قېلىپ، قولۇمدىكى نەرسىنى توخلانقۇغا سېلىپ قويىدىغان بولۇپ قالدىم.
— بۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىكەن، — دەپتۇ يەنە بىر موماي، — مەن پەلەمپەيدە تۇرغىنىمدا، ئۆزۈمنىڭ ئۈستىگە چىقماقچى، ياكى پەسكە چۈشمەكچى ئىكەنلىكىمنى ئۇقالمايدىغان بولۇپ قالدىم.
— خۇداغا مىڭ شۈكۈر، مېنىڭدە بۇنداق چاتاقلار يوق، — دەپتۇ ئۈچىنچىسى جوزىغا رىتىملىق چېكىپ تۇرۇپ، كەينىدىنلا چۆچۈگەن ھالدا تۇرۇپتۇ، — ماما، بىركىم ئىشىكنى چېكىۋاتىدۇ!

## ئىككى قىز

بىرى: مەن ئىككى قىرىنى باخشى كۆرۈپ قالدىم. بىرى بەك چىرايلىق، ئەمما پۇلى يوق. يەنە بىرىنىڭ چىرايى ئادەتتىكىچە، ئەمما ئىنتايىن باي. سېنىڭچە، ئۇلارنىڭ قايسىسىنى تاللىسام مۇۋاپىق بولار؟
برانت: ئەلۋەتتە چىرايلىق قىزنى تاللىشىڭ كېرەك. چۈنكى، پۇل دېگەن مۇھىم ئەمەس.
پىتر: ياخشى مەسلىھەت بەردىڭ، مەنمۇ شۇنداق ئويلاۋاتاتتىم. ئەمىسە، مەن ھازىرلا بېرىپ ئۇ قىزغا توي قىلىش ئەلچىمنى قويىاي.

برانت: توختاپ تۇز، پىنر. ماڭا ئىيتىپ بەرگىنە، ھېلىقى چىرايى ئادەتتىكىچە قىزنىڭ ئۆيى قەيەردە؟

## كەسكىن تەكلىپ

بىر يىگىت خىزمەت ۋاقتىدا لاغايلاپلا يۈرىدىكەن. بىر كۈنى، دىرېكتور ئۇنى چاقىرىپ دەپتۇ:

— مەن سىنىڭ نىكاھلىنىش ئەھۋالىڭنى بىلمەيدىكەن-مەن. لېكىن، مەن ساڭا پەقەت بىرلا تەكلىپ بېرەلەيمەن: ئەگەر سەن بويتاق بولساڭ، تېزرەك توي قىلىۋالغىن. ئەگەر توي قىلىپ بولغان بولساڭ، دەرھال ئاجرىشىپ كەتكىن.

## جېدەل باشلىنىشتىن بۇرۇن

بىر ئەر كىشى قاۋاقخانىغا ھاسىرىغىنىچە كىرىپ كې-تىپ ۋە كۆتكۈچىگە دەپتۇ:

— جېدەل باشلىنىشتىن بۇرۇن، ماڭا بىر رومكا ھاراق بېرىڭ!

كۆتكۈچى ئۇنىڭغا بىر رومكا ھاراق قۇيۇپ بېرىپتۇ.

— جېدەل باشلىنىشتىن بۇرۇن، ماڭا يەنە بىر رومكا ھاراق قۇيۇپ بېرىڭ!

شۇ يوسۇندا، ئۇ بەش رومكا ھاراق ئىچىپتۇ. كۈتكۈ-چى قىزىقسىنغان ھالدا سوراپتۇ:

— سىزنىڭ جېدەل باشلىنىش دېگىنىڭىز نېمە گەپ؟

بۇ جىدەل قاچان باشلىنىدۇ؟
— ھازىرلا باشلىنىدۇ! چۈنكى، مېنىڭ ھاراقنىڭ ھەققىنى تۆلىگۈدەك پۇلۇم يوق!

## ھېسداشلىق

ئانا قىزىغا ئۆزىنىڭ كىچىك ۋاقتى نامراتلىق ۋە ئاچ-زېرىنلىك ئىچىدە ئۆتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. قىزى دادىسىنى ھېكايىسىنى ئاڭلاپ نارام - تارام ياش تۆكتى ۋە قاسىق ھېسداشلىق قىلغان ھالدا دېدى:
— بىچارە دادا، ئەمدى بىلدىم، سەن بەدىنى تامى-قىمۇ بولمىغاچقا، بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ قالغان ئىكەن-سەن، شۇنداقمۇ؟

## ئۇنۇملۇك «ئۇيقۇ دورىسى»

بىر باش دىرېكتورنىڭ ئايالى ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قاپتۇ. بىر كېچىسى، ئۇ ئۇيان ئۆرۈلۈپ-مۇ، بۇيان ئۆرۈلۈپمۇ زادىلا ئۇخلىيالماي، ئاخىر ئېرىنى ئويغىتىپتۇ.
— جېنىم ئېرىم، ماڭا بىر دوكلات بەرسەڭ، مۇم-كىن بولسا، دوكلاتنىڭ ئۇزۇنراق بولسۇن!
— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دەپتۇ دىرېكتور ھەيران بولۇپ.
— شىركەتتىكىلەر سېنىڭ دوكلاتىڭنى «ئالاھىدە ئۇ-

نۇملۇك ئۆيقۇ دورىسى» دەپ ئاتايدىكەن. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، سەن دوكلاتنى باشلىساڭ، ئۇلار دەرھال ئۇخلاپ قالىدىكەن...

## بەربىر ئاپىرىپ قويىمىز

بىر ئەر يەسلىدىن بالىسىنى ئېلىپ كەپتۇ. ئايالى بىر قاراپلا دەپتۇ:

— قەدىرلىكىم، نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ بۇ بىزنىڭ بالىمىز ئەمەسكەن!

ئەر بالىغا زەن سېلىپ قاراپ بېقىپ دەپتۇ:

— توغرا، بۇ راستىنلا بىزنىڭ بالىمىز ئەمەسكەن. بىراق، ھېچقىسى يوق، دۈشەنبە كۈنى بەربىر ئۇنى يەسلىگە ئاپىرىپ قويىمىز ئەمەسمۇ!

## ئىككى خىل تاللاش

سىڭلىسى: مەيلى قانداق ئىش يۈز بەرسە بەرسۇن، مەن ئوتتۇزغا كىرىشتىن بۇرۇن توي قىلمايمەن.

ئاچىسى: مەنچۇ، مەيلى قانداق بولسا بولسۇن، ئوتتۇزغا كىرگۈچە توي قىلالىسام بۇ دۇنيادا ياشىمايمەن.

## قانداق بىر تەرەپ قىلىمەن

پالچى: سىزنىڭ مۇھەببەت يولتۇزىڭىز ئېگىز ئە-

كەن، پات ئارىدا ھەم ئىگىر، ھەم ئورۇق بىر ئەر بىلەن نوي قىلغۇدەكسىر.

ئايال: ئۇنداقىنا، ھازىرقى ھەم پاكار، ھەم سېمىز ئىرىمىنى قانداق بىر نەرەپ قىلىدىكەنمەن؟

## بالىڭىزنى جىڭلاپ بېقىڭ

بىر ئايال ھىرايى ئۆڭگەن ھالدا ماگىزىنغا كىرىپ كەپتۇ:

— بىرىم سائەتنىڭ ئالدىدا مىنىڭ كىچىك ئوغلۇم بۇ يەردىن بىر قاداق مېۋە قىيامى ئالغانىدى. ئۆلچەپ باقسام، كەم چىقتى. بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟

بىركازچىك ئىنتايىن ئەدەپ بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ:

— خانىم، سىز قايتىپ بېرىپ ئوغلىڭىزنى جىڭلاپ باقسىڭىز بولىنىكەن.

## پىتنە توقۇش ماھىرى

بىر ئايال ئىشقا قوبۇل قىلىنىش ئىلىمىسىنىڭ «ئا- لاھىدىلىكى» دېگەن كاتەكچىسىگە «پىتنە توقۇشقا ماھىر» دەپ يېزىپ قويۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن خوجايىن قىزىقىسىنغان ھالدا دەپتۇ:

— ئەممىسە، سىز بىر پىتنە توقۇپ بېقىڭ، كۆرۈپ باقاي.

ھېلىقى ئايال ئىشخانىدىن بېشىنى چىقىرىپتۇ - دە،

نۆۋەت كۈنۈپ نۇرغان ئاياللارغا قاراپ دەپتۇ:
— خانىملار، ھەرقايسىڭلار قايتىپ كەتسەڭلار بولىدۇ. چۈنكى، بۇ خىزمەتكە مەن ئېرىشتىم، سىلەرگە ئىش قالمىدى.

## ياماقنىڭ ئورنى

بىر ئايال ئۆزىنىڭ باغقۇەن يالىلاش ئېلانىنى كۆرۈپ ئىش ئىزدەپ كەلگەن يىگىتنىڭ ئىشتىنىنىڭ ئالدى - كەينىگە ئىنچىكىلەپ قارىۋەتكەندىن كېيىن:
— بولىدىكەنسىز، مەن سىزنى ئىشلىتىمەن، — دەپتۇ.
ئايالنىڭ قىلىقىدىن ھەيران بولغان يىگىت سوراپتۇ:
— خانىم، بۇ ئىش بىلەن ئىشتىنىمنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟
— بولمامدىغان! سىزنىڭ ئىشتىنىڭىزنىڭ تىزىغا ياماق چۈشكەنىكەن، شۇڭا ياراپ قالدىڭىز. مەن ئىشتىنىنىڭ كاسا تەرىپىگە ياماق چۈشكەنلەرنى ئىشلەتمەيمەن.

## كەسپىي ئادەت

سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ بىر خادىمى خوتۇنىغا پىكاپ ھەيدەشنى ئۆگىنىپتۇ. پىكاپ دۆڭدىن چۈشۈۋاتقاندا، تۇيۇقسىز تورمۇزى ئىشلىمەي قاپتۇ.
— توختىتالمايۋاتىمەن! — دەپ نوۋلاپتۇ ئايال، —

ئەمدى قانداق قىلىمەن؟!
— دۇئا قىل! — دەپتۇ خادىم خوتۇنىغا، — ئاندىن كېيىن، ئىكاپنى ئەرران بىرنەرسىگە سوققىن!

## ئەپچىل ئۇسۇل

كىنوخانىدا شىلەپە كىيگەن ئاياللار دائىم كەينىدىكىلەرنىڭ كىنو كۆرۈشىگە دەخلى قىلىدىكەن. شۇڭا، كىشىلەر كىنوخانا خوجايىنىدىن بۇ ئىشنى چەكلەشنى تەلەپ قىپتۇ.
— چەكلىسەك مۇۋاپىق بولمايدۇ، ئەڭ ياخشىسى شىلەپە كىيىشنى يەشەببۇس قىلغىنىمىز تۈزۈك، — دەپتۇ خوجايىن.
بۇ كۈنى، كىنو باشلىنىشتىن بۇرۇن، ئېكراندا مۇنداق ئۇقتۇرۇش كۆرۈنۈپتۇ: «كىنوخانىمىز ياشانغان ئاياللارغا ئېتىبار بېرىش يۈزىسىدىن، ئۇلارنىڭ شىلەپىسىنى ئېلىۋەتمەي كىنو كۆرۈشىگە رۇخسەت قىلىدۇ.»
ئۇقتۇرۇش كۆرسىتىلىشى بىلەنلا، كىنوخانىدىكى ھەممە ئاياللار شىلەپىسىنى ئېلىۋېتىپتۇ.

## ئاسترونومىيە دەرسى

بىر جۈپ قىز ـ يىگىت باغچىدا ئۇچرىشىپتۇ.
— سىز مېنىڭ قۇياشىم، — دەپتۇ يىگىت، — سىز مېنىڭ تولۇن ئېيىم، سىز مېنىڭ ئەڭ پارلاپ تۇرغان

يۈلنۈزۈم. . .

قىز بىرھازاغىچە ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، ئاخىر تاقەت قىلالماپتۇ:

— ئېيتىڭا، سىز ماڭا نەكلىپ قويۇۋاتامسىز ياكى ئاسترونومىيە دەرسى ئۆتۈۋاتامسىز؟

## تىياتىرغا بارغاندا

ئەر: ئاخشام ئوپېرا كۆرگىلى بارغىنىڭدا، نېمىلەرنى ئاڭلىدىڭ؟

ئايال: ۋاي - ۋۇي، ئاڭلىغانلىرىم شۇنداق كۆپ! برانت خانىم چېچىنى بوياپتۇ، شمس ئەر - خوتۇنلار ئاجراشماقچى بوپتۇ، ۋېيتنىڭ ئائىلىسى ۋەيران بوپتۇ...

## قانداق ئادەم بولغۇدەك

ۋېلسون ئەر - خوتۇن بىر تەجربە ئىشلەپ، ئوغلىنىڭ چوڭ بولغاندا قانداق ئادەم بولىدىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بوپتۇ. ئۇلار ئۈستەلگە سودىگەرگە ۋەكىل قىلىپ ئون دوللار پۇلنى، پوپقا ۋەكىل قىلىپ «ئىنجىل» نى، لۈكچەككە ۋەكىل قىلىپ بىر بوتۇلكا ۋىسكىنى قويۇپ قويۇپ، ئۆزلىرى پەردىنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈۋاپتۇ.

ئوغلى ئىسقىرتقىنىچە كىرىپ، ئۈستەلدىكى نەرسىلەرنى كۆرۈپتۇ - دە، ئالمان - نالمان ئەتراپقا قارىۋېتىپ، ھېچكىم يوقلۇقىغا ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن، پۇل-

نى يانچۇقىغا تىقىپ، بوتۇلكىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، «ئىنجىل»نى ئىككى ئالىقىنىنى ئۈستىگە قويۇپ، يەنە ئىسقىرىقىسىچە چىقىپ كېتىپتۇ.

ۋىلسون خانىم ئىختىيارسىز توۋلىۋېتىپتۇ:

— ئاھ خۇدا، ئوغلىمىز سىياسەتۋاز بولغۇدەك!

## شېرىن ئايىنى يالغۇز ئۆتكۈزۈش

يېڭى توي قىلغان بىر بېخىل ئەر شېرىن ئاي سەپىرىگە تەييارلىنىپ، ئامېرىكىنىڭ ئايروپىلان بېلىتىنى زاكاز قىلغىلى بېرىپتۇ.

— ئىككى بېلەت ئالىسىز، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بېلەت ساتقۇچى.

— ياق، پەقەت بىرى! خوتۇنۇم كىچىك ۋاقتىدا ئامېرىكىغا بېرىپ كەلگەنىكەن.

## مانا ئەمسە

بىر زىياپەتتە، يېڭىدىن بېيىغان بىر ئايال ئۆزىنىڭ پۇلدار ئىكەنلىكىنى باشقىلارنىڭ بىلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، يېنىدا ئولتۇرغان ئايالغا ماختىنىپتۇ:

— مەن شامپان بىلەن قىزىل ياقۇتلىرىمنى، براند بىلەن يېشىل ياقۇتلىرىمنى يۇيىمەن. سىز زىبۇزىننەتلىرىڭىزنى نېمە بىلەن يۇيىسىز؟

يېنىدىكى ئايال بەرۋاسىزلىق بىلەن دەپتۇ:

— ۋابىيەي، مەن ئەزەلدىن زىبۇزىننەتلىرىمنى يۇيۇپ ئاۋارە بولمايمەن. ئۇلار مەينەت بولۇپ كەتسە، شۇ ھامان ئەخلەت تۇڭىغا تاشلىۋېتىمەن!

## تەبرىكلەش

— ئاخشام ئۆيۈڭلار بەك قىزىپ كەتتى، نېمە خۇشاللىق بولغانىدى؟

— ئايالىمنىڭ ئوتتۇز ياشقا كىرگەنلىكىنىڭ ئوتتۇز يىللىقىنى تەبرىكلىگەنىدۇق.

## تەلەيسىز ئەر

بىر ئايال دوستىغا دەپتۇ:

— مېنىڭ ئېرىم ئوفېتسىر بولۇپ، كۆپ قېتىم جەڭگە قاتناشقان. ئۇنىڭ زادىلا تەلىيى يوق، ھەر قېتىملىق جەڭدە ئۇ يا بىلىكىدىن، يا پاقالچىكىدىن ئايرىلغان.

— ئۇ قانچە قېتىم جەڭگە قاتنىشىپتىكەن؟

— نۆت قېتىم.

## كېيىن كېلىپ ئاۋۋال سېتىۋېلىش

بىر ئايال شەھەر مەركىزىدىكى ماگىزىنغا ئۆتۈك ئالغىلى بېرىپتۇ.

ئۇ خېلى ئۇزۇنغىچە خىلى، رەڭگى، پارقىراقلىقى

دېگەن سەرتلەر بويىچە نۇرغۇن ئۆتۈكلەرنى ئالدۇرۇپ كۆ-
رۈپ بېقىپ، ئاخىر بىر قارارغا كەپتۇ:
— بىركازجىك، مەن ئەڭ ئاۋۋال كۆرگەن ھېلىقى
ئۆتۈكنى ئېلىپ بېرىڭ.
— قايسىسىنى؟ ھېلىقى قىزىلىنىمۇ؟
— ياق، ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن كۆرگەننى.
— سېرىقىنىمۇ يا؟
— ياق، ئۇنىڭمۇ ئالدىدىكىسىنى!
— كارىسىنىۋاي ئۆتۈكنى دەۋاتامسىز؟
ئابال بېشىنى لىڭشىتىپتۇ، بىراق بىركازجىك دەپتۇ:
— كەچۈرۈڭ، خانىم، ئۇنى سىزنىڭ ئارقىڭىزدىن
كەلگەن خېرىدار ئىككى سائەت بۇرۇن ئېلىپ كەتتى.

## باھا ئۆسۈش

ئېلىزا خانىم دۇكىنىنىڭ ئالدىغا چىقىۋېلىپ، ھەدەپ
توۋلىغىلى تۇرۇپتۇ:
— بىر كىلوگرام ياڭيۇ يەتمىش بەش تىيىن...
ئاخىرقى بىر كۈن... ئەتىدىن باشلاپ ياڭيۇنىڭ باھاسى
ئۆسىدۇ...
كىشىلەر دۇكاننىڭ ئالدىدا ئۇزۇن ئۆچىرەت بولۇپ
كېتىپتۇ. ئېلىزا خانىمنىڭ ئېرى پىچىرلاپ سوراپتۇ:
— ئەجەب ئاڭلىمايتىمەنا، ئەتە ياڭيۇ قانچە پۇل بولى-
دىكەن؟
ئېلىزا خانىم ئېرىنىڭ قۇلىقىغا يېقىن تۇ-
رۇپ پىچىرلاپتۇ:

— ئاتمىش بەش تىيىن!

## قىساس ئېلىش

سەكراتقا چۈشۈپ قالغان بىر كىشى خوتۇنىغا مۇنداق ۋەسىيەت قىپتۇ:

— مەن ئۆلگەندىن كېيىن، سېنىڭ قوشنىمىز ئال-فېرد ئەپەندىگە تېگىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

— ۋىيەي، بېمىشقا ئەمدى؟

— ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا، بۇ ئەبلەخ ماڭا سۈت چىقمايدىغان ئىنىكىنى سېتىپ بەرگەنىدى. ئەمدى مەن ئۇنىڭغا ئالدىنىشنىڭ تەمىنى بېتىنىپ قويماقچىمەن!

## كېچىكتىڭىز

تېببىي ئۇنىۋېرستېتنىڭ بىر سىنىپىدا ئىمتىھان ئېلىنىۋاتاتتى. پروفېسسور بىر قىز ئوقۇغۇچى-دىن بىر خىل دورىنىڭ ھەر قېتىملىق ئىچىلىش مىقدارى-نىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى سورىدى.

— بەش گىرام! — دەپ جاۋاب بەردى قىز ئوقۇغۇچى ئويلىنىپ تۇرماي. ئارىدىن بىر مىنۇت ئۆتۈپ، ئۇ جاۋابى-نىڭ خاتا بولۇپ قالغانلىقىنى، بەش گىرام ئەمەس، بەش مىللىگىرام ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى - دە، ئالدىراش ئورنىدىن تۇردى:

— مۇئەللىم، مېنىڭ جاۋابىمنى تۈزىتىشىمگە ئىجا-

رەت بەرسىڭىز!

— كېچىكسىڭىز! — دېدى پروفېسسور، — دورىنىڭ مىقدارى ھەددىدىن زىيادە بولۇپ كەتكەنلىكىدىن، بىمار ئويىۇز سېكۇنتنىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كەتتى!

## نېمىنى كىيسەم بولار

ئىككى ئابال كوچىدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

ئا. مەن سوپىنىڭ چاقىرىق قەغىزىنى تاپشۇرۇۋالدىم، ئەتە بىر مۇھىم دېلودا گۇۋاھچى بولغۇدەكمەن.

ب: خىجىللىق بولامسەن؟

ئا: يەك خىجىللىقىپ كېتىۋاتىمەن، ئەتە مەن قايسى كىيىمنى كىيىشنى زادىلا بىلەلمەيۋاتىمەن.

## گەپ باشقا، نىيەت باشقا

ئابال: مەن ماۋۇ يىپەك رەختنى سېتىۋالدىم، سىزگە گالستۇك قىلىپ بېرىمەن.

ئەر: گالستۇكقىمۇ بۇنچە چوڭ رەخت كېتەمدۇ؟

ئابال: كېرەك بوق، ئېشىپ قالغىنىدا كۆڭلەك كىيەرمەن.

## بىر پروفېسسورمۇ

بىر دەرسخانىدا، بىر پروفېسسور قىزىقسىغان ھالدا

ھەدەپ سۆزلەۋېنىپ، ئۇبۇقسىز بىر قىزنىڭ يەنە بىر قىز-
نىڭ قولىغا پىچىرلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.
— قىزچاق، سىز پروفېسسورمۇ؟ — دېدى ئۇ قاتتىق
ئاچچىقلانغان ھالدا.
— ياق، مۇئەللىم...
— پروفېسسور بولمىسىڭىز، نېمىشقا قالايمىقان
سۆزلەيسىز؟!

## قاتتىق بىزار بولۇش

بىر ئايال ئېرى ۋە ئوح ياشىسى بىلەن ئانا ـ ئانىسىنى
كۆرگىلى بېرىپتۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن، ئۇلار ئۆيىگە
قايتماقچى بولۇپ ماشىنىسىغا چىقىپ بولغاندا، ئاتا ـ ئانى-
سى بىر ئۇنام پۇلنى چىقىرىپ:
— ئۇنىڭغا بېرىڭلار، — دەپتۇ.
— بىر سىلەرنى يوقلاپ كەلگەن تۇرساق، سىلەر پۇل
بەرسەڭلار قانداق بولىدۇ؟ — دەپتۇ ئايال.
— بۇ پۇلنى سىلەرنىڭ بىزنى يوقلاپ كەلگەنلىكىڭلار
ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بۇ يەردىن كەتمەكچى بولغانلىقىڭلار
ئۈچۈن بېرىۋاتىمىز! — دەپتۇ ئانىسى.

## سۇ زامىن بوپتۇ

بىر ئايال ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغان ئېرىگە گېزىتنى
كۆرسىتىپ سوراپتۇ:

— ئۇنىڭغا قارا، بىر يىگىت هاراق ئىچىپ مەست بولغاندىن كېيىن قېيىق هەيدەپتىكەن، دەرياغا چۈشۈپ كېتىپ سۇدا ئۇنجۇقۇپ ئۆلۈپتۇ. ئەگەر ئۇ هاراق ئىچمىگەن بولسا، هاياتىدىن ئايرىلىپ قالمىغان بولاتتى.

— ئۇ سۇغا غەرق بولۇشتىن ئىلگىرى هاياتمىكەن؟

— ۋەي، تازا نبنىقسىز گەپ بولدى -دە، ئۇ! ئۇ ئەلۋەتتە هايات بولىدۇ -دە!

— ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭ جېنىغا هاراق ئەمەس، سۇ زامىن بوپتۇ!

## توغرا كېلىپ قېلىش

بىر ئاخشىمى، ماشىنىسىنى ئۇچقاندەك هەيدەپ كېتىۋاتقان لورا خانىمنى ساقچى توسۇۋاپتۇ. لورا خانىم يالۋۇرغان ئاهاڭدا دەپتۇ:

— كەچۈرۈڭ، ساقچى ئەپەندى، مەن لورد ئەپەندىنىڭ خوتۇنىدىن ئاخىرقى قېتىم ئاجراشقانلىقىنى مىرىساغا ئېيتىپ قوياي دەپ، ئالدىراش كېتىۋاتاتتىم.

— ماۋۇ ئوخشاشلىقنى! مەنمۇ بىر كىشىنى تېپىپ، قولۇمدىكى ئاخىرقى جەرىمانە تالونىنى بېرىۋېتەي دەپ تۇراتتىم.

## ماشىنا هەيدىگۈچى بارمىدۇ

«ئا» ئايال: ئېرىم يەتمىش ياشنى هالقىدى، ئىراق

ياش ئاياللارغا كۆز سېلىپلا بىلىدۇ. ئۇنىڭ مېنىڭدىن
ئاجرىشىپ، قايتا ئۆيلەنگۈسى بارمىدۇ؟
«ب» ئايال: ئۆيۈمدىكى كۈچۈك ھەمىشە ماشىنىلارنى
كۆرسىلا قوغلاپ كېتىدۇ. ئېيتىڭا، ئۇنىڭ ماشىنا ھەيدە-
گۈسى بارمىدۇ؟

## ئالدىنقى شەرت

ئايال خوجايىن ئايال خىزمەتكارغا دەپتۇ:
— بۈگۈن كەچ ئۆيگە مېھمان كېلىدىكەن. سېنىڭ
قانداق ئۆزگىچە قورۇمىلارنى تەييارلايدىغانلىقىڭنى بىر
كۆرۈپ باقاي.
— جاناپ نوق، خانىم، بىراق بىر ئىشنى سوراۋالاي:
سىز بۇ مېھماننىڭ بۇندىن كېيىنمۇ بۇ ئۆيگە كېلىپ
تۇرۇشىنى خالامسىز ياكى قايتا كەلمەسلىكىنى ئۈمىد
قىلامسىز؟

## ئىشىك باقار

بىر كۈنى، بىر ماگىزىن ئاياللارغا كېرەكلىك مەخ-
سۇس بۇيۇملارنى بەرمەنكە قىلىپ ساتماقچى بوپتۇ. بىر
توپ ئاياللار تاڭ سەھەردىلا ماگىزىننىڭ ئىشىكى ئالدىدا
ئۆچىرەت بولۇپ كېتىپتۇ. بىر چاغدا، بىر ئەر كىشى
كېلىپ ئالدىغا ئۆتمەكچى بولۇپ ھەدەپ قىستىغىلى تۇرۇپ-
تۇ. بىراق، ئۇ ھەر قېتىم قىستىغاندا، ئاياللار ئۇنى

ئارقىغا ئىتتىرىۋېتىپتۇ. ئەر كىيىنكى ئاخىر زەردە بىلەن بۇقىرىلاپتۇ:

— سىلەر مېنى ئالدىغا ئۆتكىلى قويمىساڭلار، شۇ-لەرگە ئىشىكنى قانداق ئېچىپ بېرىمەن؟!

## ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ

بىكى بىر قېتىمقى سۆھبەتلەشكەن ھالدا دوستىغا ماختىنىپتۇ:

— مىنىڭ ئىرىم بەك سۆيۈملۈك، ئۇ ئۇخلىغان ئادەمگە، مەن دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل قىز بىلەن بىر قىل-دىم، دەيدۇ!

— خاتىرجەم بول! ھېچكىم ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەن-مەيدۇ.

## ھەربىي مانېۋىر

لۇئىزا ھەر كۈنى مەكتەپكە بارغۇچە بىر كۆۋرۈكتىن ئۆتەتتى. بىر كۈنى ئەتىگەندە، ئۇ كۆۋرۈككە يېتىپ كەلگەندە، بىر ئوفىتسېر ئەدەب بىلەن جاۋاب بېرىپ:

— قىز جان، بۈگۈن بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتىشكە بول-مايدۇ! — دېدى.

— نېمە ئۈچۈن؟ — دېدى لۇئىزا سايساق تۇرغان كۆۋرۈككە قاراپ تۇرۇپ.

— بۇ كۆۋرۈك ئىككى سائەت ئىلگىرى پارتلىتىلىپ-

تىلدى.

— ئەمىسە، مەن قاچان ئۆنەلەيمەن؟

— كەجۇرۇڭ، — دېدى ئوفېتسىر جىددىي قىياپەتتە، — بۇ سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرىشكە ئامالسىزمەن. چۈنكى، مەن ئۈچ سائەت ئىلگىرى ئېنىپ ناسلاندىم.

## پەرق

ئاتا بالىسىۇرۇۋى ئىشلەۋاتقان بەرىدەدىن سورىدى:

— قىزىم، توك بىلەن چاقماقنىڭ نېمە پەرقى بار؟

— توكقا پۇل ئېلىنىدۇ، چاقماققا پۇل ئېلىنمايدۇ!

## تۆنجى قېتىم

قىز: سېسترا ھەدە، مەن بەك قورقۇۋاتىمەن، بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىنىشىم.

سېسترا: قورقماڭ، ھېلى كىرىدىغان دوختۇرنىڭمۇ تۇنجى قېتىم ئوپېراسىيە قىلىشى.

قىز: ھە؟!...

## ئانىسىنى ماختاش

«ئا» قىز: مېنىڭ ئاپام شەھەر باشلىقى، پۈتۈن شەھەر خەلقى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ.

«ب» قىز: ئۇ قانچىلىك ئىشنى؟ مېنىڭ ئاپام بادى-

ساھ، بۇنۇن دۆلەت جەلغى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ.

«س» قىز: سىلەرنىڭ ئائىلىرىڭلار ھەرقانچە كانسا ھوقۇقدار بولغىنى بىلەن، بەرىبىر مېنىڭ ئاپامنىڭ دېگەنىنى قىلىدۇ. ئاپام ئۇلارغا ئولتۇرۇشنى بۇيرۇسا، ئۇلار ئۆرە تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ، بېشىنى ئېگىسكە بۇيرۇسا، ئۇلار ھەرگىز بېشىنى كۆتۈرەلمەيدۇ.

«ئا»، «ب» قىز. نەدىمۇ ئۇنداق ئىش بولسۇن! شۇنچە ئۆكتەملىك قىلىدىغانغا، سىنىڭ ئاپاك نىمە ئىش قىلىدۇ؟

«س» قىز: مېنىڭ ئاپام سارتراش!

## بىز دەم ئالىمىز

قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپنىڭ بىر ئوقۇتقۇچىسى ئوقۇغۇچىلاردىن سورايدۇ:

— قىزلار، ئېيتىڭلارچۇ؟ ئەگەر مېنى بىركىم ئۆلتۈرۈۋەتسە، سىلەر قانداق قىلىسىلەر؟

— مۇئەللىم، بىز دەم ئالىمىز!

## ئاغرىق توختىتىش دورىسى

ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى لالە دوختۇرغا دەيدۇ:

— ھەدە، ماڭا ئاغرىق توختىتىش دورىسى بېرىڭ.

— نەرىڭىز ئاغرىۋاتىدۇ؟

— ھازىر ھېچ يېرىم ئاغرىمىدى.

— ئەمىسە، بۇ دورىنى نېمە قىلىسىز؟
— بىردەمدىن كېيىن كېرەك بولىدۇ ـ دە!
— نېمە ئۈچۈن؟
— سەل تۇرۇپ، ئاپام مېنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمە-
گەنلىكىمنى بىلىپ قالىدۇ...

## قېرىلىقتىن قورقۇش

ئاپتوبۇس توختىشىغا، ئۇنىڭدىكى بىرمۇنچە ئاياللار ئالدىراپ ئىشىككە قىستىلىپتۇ. بۇنى كۆرگەن بېلەتچى ۋارقىراپتۇ:

— كۆپچىلىك، ئالدىرىماڭلار، يېشى ئەڭ چوڭلار ئاۋۋال چۈشۈۋالسۇن!

بۇ گەپ ئۈنۈم بېرىپتۇ. ئاياللار قىستىلىشىشتىن دەرھال توختاپتۇ.

## كېچىكىپ ھېس قىلىش

بىر ئايال سوتچىغا دەپتۇ:

— سودىيە جانابلىرى، قوشنام مېنى «كەركىدان» دەپ ھاقارەتلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلسام بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ! ئۇ سىزنى قاچان ھاقارەتلىدى؟

— بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن.

— نېمە؟ ئۈچ يىل بۇرۇنقى ئىشقا ئەمدى ئەرز قىلماقچىمۇسىز؟

— شۇنداق، سوبجى ئالىملىرى، قوشنام مېنى «كەر-كىدان» دېگەندە، نازا بەرۋا قىلىپ كەتمەيدىكەنمەن. چۈنكى، ئۇ چاغدا مەن كەركىدانىي كۆرۈپ باقمىغان. بۇبۇگۈن نۇبۇفسىر ئۆيى كۆرۈپ قالدىم…

## باشمالتاق ۋە چىمچىلاق

بىر ناتىق مۇنبەرگە چىقىپ سۆزلەپتۇ:

— ئەرلەر خۇددى باشمالتاققا ئوخشايدۇ، ئاياللار بولسا، بەئەينى چىمچىلاققا ئوخشايدۇ…

كۆپۈلمىگەندە، زال ۋاراڭ - چۇرۇڭ بولۇپ كېتىپتۇ. ئاياللار ئانىڭ ئوخشىتىشىدىن قاتتىق نارازى بوپتۇ.

— خانىملار، — دەپتۇ ناتىق دەرھال، — باشمالتاق دېگەن توم، دوقماق ھەم كۈچلۈك بولىدۇ، چىمچىلاق بولسا، ئىنچىكە، چاققان، ئوماق بولىدۇ. ئېيتىڭلارچۇ، ئاراڭلاردا باشمالتاققا ئوخشاشنى خالايدىغانلار بارمۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئاياللار خۇش بولۇپ چاۋاك چېلىپ كېتىپتۇ.

## خوتۇنۇم نېخچە يېنىمدا

ئىرلاندىيىلىك كەيسىن بىلەن شونىن ئۇزۇن يىللار كۆرۈشمەي، نۇبۇفسىر كوچىدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

— تىزرەك ئېيتقىنا، — دەپتۇ شونىن، — توي

قىلدىڭمۇ؟
— قىلدىم. ئاپالىم بىر پەرىشتە.
— سەن بەختلىك ئىكەنسەن، — دېمىنۇ شوئېن ئۇھ-سىنىپ، — مېنىڭ ئاپالىم بېخىچە مەن بىلەن بىللە...

## ئىككى خىل ھالەت

— ئىگىتىڭغا شۇنچە ئامراق ئىكەنسەن، توى قىلىشقال-ساڭ بولمامدۇ؟
— شۇنداق قىلسام بولاتتى. بىراق، ئۇ مەست بولۇپ قالغاندا، مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغۇم كەلمەي قالى-دۇ، مەستلىكى يېشىلگەندە، ئۇنىڭ مەن بىلەن توى قىل-غۇسى كەلمەي قالىدۇ.

## ئەرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى

بىر شىركەت توى قىلغان بىر ئايالنى كومپيۇتېر خادىملىقىغا قوبۇل قىپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەي، خوجايىن بۇ ئايالنىڭ ھەر قىسىملىق مەشغۇلاتنى تۇگەنكەنى-دىن كېيىن، كومپيۇتېرغا قاراپ: «ئەبەدى، باختى ئىشلىدىڭىز!» دەيدىغانلىقىنى بايقاپ قاپتۇ.
خوجايىن قىزىقسىنغان ھالدا ئايالدىن سوراپتۇ:
— خانىم، سىز قانداق بولۇپ بۇ كومپيۇتېرنى ئەر دەپ قالدىڭىز؟
— چۈنكى، مەن قولۇمنى ھەرىكەتلەندۈرگەندىلا، ئاد-

دىن ئۇ ئىشلىيەلەيدۇ!

## قەدىناسلارچە قىياپەت

ىىگى نوي قىلغان ىىر جۇپ ئەر ـ خوتۇن پويىىردىن جۇشىدىغان چاغدا، ئايالى دەپتۇ:

— جىنىم، ىىر كىشىلەرگە نوى قىلغىلى ئۇزاق بولغان ئەر ـ خوتۇنلاردەك تەسىرات ىىرەيلى، بولامدۇ؟

— ياھايىنى باخسى! — دەپتۇ ئەر، — ئەمىسە، مەن ئالدىدا مىكنۇيرەى، سەن چامادانىي كۆتۈرۈپ كەيىمدىن ماك!

## غالجىر ئىت كېسىلى

«ئا» ئايال: ئەگەر سەن غالجىر ئىت كېسىلى بولۇپ قالساڭ، تۇنجى قېتىم نېمە قىلغان بولاتتىڭ؟

«ب» ئايال: قەلەم بىلەن قەغەز ئىزدەيتتىم.

«ئا» ئايال. ۋەسىيەتنامە يازامسەن؟

ئايال «ب»: ياق! مەن چىشلىمەكچى بولغان ئادەملەرنىڭ ئىسىملىكىنى تىزىپ چىقىمەن.

## ئورۇقلاشنىڭ يېڭى ئۇسۇلى

كىنانخانىدا بىر سېمىز ئايال بىرىكازجىكتىن سوراپتۇ:

— ئورۇقلاش توغرىسىدىكى كىتاب بارمۇ؟

پىركازچىك ئۇنىڭغا «قانداق قىلغاندا بەدەن ئېغىرلىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ» دېگەن كىتابنى ئېلىپ بېرىپتۇ. سېمىز ئايالنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇ:

— هوي، سىز ماڭا چاقچاق قىلىۋاتامدىغانسىز؟!

— ياق، چاقچاق قىلمىدىم! بۇ كىتابنا ئۆگەتكەن ئۇسۇللارنىڭ ئەكسىنى قىلسىڭىز، چوقۇم ئورۇقلايسىز ئەمەسمۇ!

## قارا نىيەت ئەر

ئىككى ئايال پاراڭلىشىپ قاپتۇ.

— هېچ چۈشىنەلمىدىم، سەن نېمىشقا ئېرىڭگا شۇنچە سوغۇق وە رەھىمسىز مۇئامىلە قىلىسەن؟ ئاڭلىسىمچە، ئېرىڭ ھەر قېتىم مائاش ئالغاندا، سەن ئۇنىڭغا بىر تىيىنمۇ قالدۇرماي، ھەممىسىنى ئېلىۋالىدىكەنسەن.

— دېگىنىڭ توغرا، بىراق سەن بىر ئىشنى ئۇنتۇپقالىسەن. ھەر قېتىم ئۇ مائاشنى ماڭا بېرىدۇ ـ دە، ئارقىدىنلا قارتا ئوينايلى، دەپ تۇرۇۋالىدۇ وە جىمى پۇلنى ئازاردىن ئۇتتۇۋالىدۇ.

## تۇزىتىلگەن ياش

بىر ئاخشىمى ئىشىكىم چېكىلدى. ئاچسام، قوشنا بوۋاي بىر پارچە تورتنى تۇتقىنىچە ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپتۇ.

— بۈگۈن خانىمىم سەكسەن ئالتە ياشقا كىردى، — دېدى ئۇ، — ئۇ سىزنىڭ تۇغۇلغان كۈن تورتىسى يېتىپ بېقىشىڭىزنى ئارزۇ قىلىدىكەن. شۇڭا...

مەن بوۋايغا رەھمەت ئېيتتىم ھەمدە خانىمىغا مېنىڭ تەبرىكىمنى يەتكۈزۈپ قويۇشىنى ئېيتتىم.

ئانچە ئۆتمەي، ئىشىك يەنە چېكىلدى. ئىشىكنى ئاچ- سام، يەنە قوشنا بوۋاي ئىكەن.

— كەچۈرۈڭ، سىزنى يەنە ئاۋارە قىلدىم، — دېدى ئۇ ئوڭايسىزلانغان ھالدا، — خانىمىم تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلىگەنلىكىڭىزگە رەھمەت ئېيتتى. ئۇ يەنە سىزگە ئۆزىنىڭ سەكسەن ئالتىگە ئەمەس، سەكسەن بەشكە كىر- گەنلىكىنى ئېيتىپ قويۇشۇمنى تەلەپ قىلدى...

## گۇمانلىنىپ قېلىش

بىر كىشى ئۆلۈپ كېتىپتۇ. كاتتا دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقاندا، پوپ كۆكسىگە كرېست بەلگىسىنى سى- زىپ تۇرۇپ، بۇ كىشىنىڭ ھايات چېغىدىكى ياخشى ئىش- ئەمەللىرىنى سۆزلەپتۇ ۋە:

— ئۇ شۇ قەدەر سەمىمىي ئادەم ئىدى! شۇ قەدەر ھۆرمەتكە سازاۋەر ئەر ئىدى! شۇ قەدەر مېھرىبان ئاتا ئىدى! — دەپتۇ.

بۇ چاغدا، ئۆلگۈچىنىڭ تۇل قالغان ئايالى ئوغلىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپتۇ:

— ئوغلۇم، جەسەت ساندۇقىدىكى كىشى داداڭمۇ، يا ئەمەسمۇ، بېرىپ قاراپ باققىنا!

## ئوراشقا دىققەت قىلىش

ئاكا ـ سىڭىل ئىككىيلەن كىيىنىش، ياسىنىشقا دىققەت قىلىدىغان ياشقا يېرىپ قاپتۇ. سىراق، ئاننىسى قىزدىغىلا كىيىم ئېلىپ بېرىپ، ئوغلىنىڭ ئۈستۈنۈشى بىلەن ئانچە كارى بولماپتۇ. ئوغلى ئانىسىدىن رەنجىپتۇ:

— مەن سىنىڭ ئۆگەي بالاڭمۇ؟ مەن سىڭلىمدىن چوڭ تۇرسام، ئالدى بىلەن مېنى ئويلىشىڭ كېرەك ـ دە!

— ىالام، سەن ىىلمەيسەن، — دەپتۇ ئانا، — سىرتقا سىنىلىدىغان نەرسىنى ئوراش ـ بېزەشكە دىققەت قىلىش كېرەك!

## نەق جاۋاب

ئايالى ئېرىدىن نارازى بولغان هالدا دەپتۇ:

— سەندىن ئەجەبمۇ بىزار بولدۇم! ساڭا تېگىدىغان چاغدا، مېنىڭ بۇ كاللام نەدە ىولغىيدى؟

— يادىڭدا يوقمۇ؟ شۇ چاغلاردا سىنىڭ كاللاڭ مېنىڭ مۈرەمدە ئىدى.

## ئون ياش كىچىك ئىدىم

ساھىبجامال چوكان سىردۇرغان رەسىمىدىن رازى بولماي، رەسسامدىن رەنجىپتۇ:

— بۇ قېتىم سىزغان رەسىمىڭىزنى زادىلا ياقتۇرمى-
دىم! ئۆتكەن قېتىم سىزغاندا، مېنى تولىمۇ چىرايلىق
قىلىپ سىزغانىدىڭىز.
رەسسام ئوڭايسىزلانغان هالدا چۈشەندۈرۈپتۇ:
— كەچۈرۈڭ، مېنىڭ ئىلگىرىكىدەك سىزغۇم بار
ئىدى، بىراق ئەينى چاغدا هازىرقىدىن ئون ياش كىچىك
ئىدىم...

## كۆزگە قاراپ دېئاگنوز قويۇش

دوختۇر بىر ئانال بىمارغا دەپتۇ:
— كېسەللىكىڭىز بەك ئېغىردەك قىلىدۇ. بىر كۆرۈ-
ڭىزگە قاراپلا بىلدىمكى، سىز ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار
بوپسىز، دائىم قىزىپ تۇرىدىكەنسىز، سىزدە يەنە رېماتىزىممۇ بار
ئىكەن...
— يەنە بىر كۆزۈمگىمۇ قاراپ بېقىڭ، — دەپتۇ
بىمار، — چۈنكى، سىز بايا قارىغان كۆزۈم يالغان كۆز.

## ئۆمۈرلۈك هەمراھ بولالمايدۇ

قىز: ئاپا، سەن مېنىڭ جېك بىلەن توي قىلىشىمغا
قوشۇلمىغاچقا، ئۇ ئاخشام ئۇيقۇ دورىسى ئىچىپ ئۆلۈۋال-
ماقچى بوپتۇ.
ئانا: شۇنداقمۇ؟ ئاقىۋىتىچۇ؟
قىز: هېلىمۇ ياخشى، ئۇ دورىنى خاتا يەپ قويۇپ

ئۆلمەي قاپتۇ.

ئاتا: ماتا فارا! مەن ساڭا بۇرۇنلا دېگەن، كىچىككىنە ئىسنىمۇ مۇشۇنداق ئەپلەشتۈرەلمەيۋاتقان تۇرسا، ئۇنى ئۆ-مۈرلۈك ھەمراھ قىلغىلى بولامدۇ؟!

## ئۇخلىيالماسلىق

ئوغلى تۇغۇلغاندىن كېيىن، ھېنرى زادىلا ئارام ئالال-ماپتۇ: ھەر كېچىسى، ئايالى بىردەم - بىردەم ئۇنى تۇر-تۇپ ئويغىتىپ: «چاققان قوپۇپ قاراپ بېقىڭ، بالىمىز نىمىشقا يىغلايدىغاندۇ؟» دەيدىكەن.

ھېنرى ئۇبان چېپىپ، بۇبان چېپىپ ئۇقۇشۇپ يۈ-رۈپ، ئاخىر «بوۋاقلارنىڭ كېچىلىك تۇرمۇشى» دېگەن كىتابنى ېپىتۇ. ئۇ كىتابنى ئۈچ كۈن ئوقۇپ ۋە كىتابنى-كى بويىچە مەشىق قىلىپ، بالا بېقىشتىكى ئاساسىي ماھا-رەتلەرنى ئىگىلىۋاپتۇ. «ئەمدى خاتىرجەم ئۇخلايدىغان بول-دۇم» دەپ ئويلاپتۇ ئۇ خۇش بولۇپ. ىراق، يېرىم كېچە-دە خوتۇنى يەنە ئۇنى تۇرتۇپتۇ:

— ھېنرى، تېز قوپۇپ قاراپ بېقىڭا، بالىمىز نې-مىشقا يىغلىمايدۇ؟!

## قورقۇتۇۋېتىش

بىر ئايال زادىلا تىنىم تاپمايدىغان ئىككى كەپىر ئوغلىنى باشلاپ بانكىغا پۇل ئالغىلى كىرىپتۇ. ئۇ بانكىدى-

كى كىسەللەرنىڭ ئالدىدا، بالىلىرىم ئۆزلىرىنىڭ بەنقىلىق-
لىقىنى بىلدۈرۈپ قويمىسۇن، دەپ ئويلاپ، تۇيۇقسىز
بالىلىرىغا ۋارقىراپتۇ:

— يۈزۈڭلارنى تامغا قارىتىپ تۇرۇڭ! ئاۋازىڭنى
چىقارمىسىما!

ئابال ئەتراپقا قاراپ تۇرۇپلا قاپتۇ: بانكىدىكى جىمى
ئادەم تامغا قاراشقىنىچە زۇۋان سۈرمەي تۇرۇشقۇدەك!

## ھەيران قالغۇچىلىكى يوق

بىر ئابال غەرەپلەنگەن ھالدا ھايۋانات باغچىسىنىڭ
باشقۇرغۇچىسىنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كىرىپ ۋارقىرابتۇ:

— مايمۇنلارنىڭ قەپىسىدە بىمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىغا
قاراپ قويۇشىڭىز كېرەك. قاراڭ، تۆت مايمۇن قارتا ئوي-
ناۋاتىدۇ!

باشقۇرغۇچى مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ دەپتۇ:

— خانىم، بۇنىڭغا ھەيران قالماڭ، ئۇلار پەقەت
خاسلىق تىكىشنى ئويناۋاتىدۇ.

## قاڭقىتىش

بىر ئابال رېستوراندا ئېرىنى تىللاپ كېتىپتۇ ۋە ئا-
خىرىدا چىرقىراپ ئاۋازدا ۋارقىراپتۇ:

— سەن دۇنيادىكى بارلىق پەسكەش ئادەملەر ئارىسى-
دىكى ئەڭ پەسكەش ئادەم!

رېستوراندىكى ھەممە كىشى ھەيران بولغان ھالدا ئۇ-لارغا قارىشىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئايالنىڭ ئېرى يۇقىرى ئاۋازدا دەپتۇ:

— باھايىنى ياخشى تىللابسەن، سۆيۈملۈكۈم! ئۇنىڭغا بەبە بېمىلەرنى دېدىڭ؟

## چېچەن سېستىرا

بىر ئايالنىڭ ئېرى ئېغىر يارىلىنىپ، دوختۇرخانىدا بىر ئايدىن ئارتۇق يېتىپ قاپتۇ. بىر كۈنى، ئايال ئۇنى يوقلىغىلى بارغاندا، ئېگىلىپ تۇرۇپ ئېرىنى سۆيۈپتۇ. دەل شۇ چاغدا، بىر سېستىرا باناقىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپتۇ-دە، بۇ كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ، دەرھال ئارقىغا يېنىپتۇ.

ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتۈپ كېتىپتۇ، يا دوختۇر، يا سېستىرا كىرمەپتۇ. بۇنىڭدىن ھەيران بولغان ئايال ياتاقنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قاراپ بېقىپتۇ. ئەسلىدە، ئى-شىككە بىر تاختا ئېسىپ قويۇلغان، تاختىغا مۇنۇ خەتلەر يېزىلغانىكەن. «بىمار داۋالىنىۋاتىدۇ، مۇناسىۋەتسىز كى-شىلەرنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت يوق.»

## ئورۇن

توي قىلغىنىغا ئۇزاق بولغان بىر ئايال ئالاھىدە كۈت-لەر بىنىپ كەلگەندە ئېرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويىدىكەن.

ئۇلارنىڭ توي قىلغىنىغا يىگىرمە بەش يىل بولغان كۈنى ئەتىگەندە ناشتا قىلىۋېتىپ، ئايال ئېرىگە دەپتۇ:

— قەدىرلىكىم، ئىككىمىزنىڭ بۇ بىر جۈپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغىنىمىزغا توپتوغرا يىگىرمە بەش يىل بولغانلىقى يادىڭىزدىمۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئېرى قولىدىكى گېزىتنى قويۇپ، ئايالىغا قارىغىنىچە دەپتۇ:

— سېنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرغۇڭ كېلىۋاتامدۇ؟

## ئاشنا

— يېڭى تويىنىڭ قايناق ھېسسىياتى تۈگىدى، — دەپتۇ ئاندرو دوستىغا ھال ئېيتىپ.

— ئۇنداق بولسا، ھېسسىياتىڭنى قوزغايدىغان بىرەر ئىشنى قىلساڭ، ئېيتايلۇق، ئاشنا تۇتۇش دېگەندەك ئىشلارنى قىلىپ باقساڭ بولامدۇ؟ — دەپتۇ دوستى ئۇنىڭغا مەسلىھەت بېرىپ.

— ئەگەر بۇ ئىشنى خوتۇنۇم بىلىپ قالسا، قانداق قىلىمەن؟

— ۋاي - ۋۇي، ھازىر دېگەن قانداق دەۋر، خوتۇنۇڭغا ئوخشاش ئېيتساڭلا بولىدىمۇ!

شۇنىڭ بىلەن، ئاندرو ئۆيىگە كېلىپ، ئايالىغا دەپتۇ:

— سۆيۈملۈكۈم، مەن بىر ئاشنا تۇتۇپ باقسام، سىزگە بولغان مۇھەببىتىم تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتەرمىكىن، دەپ ئويلاۋاتىمەن.

— بۇ خىيالنى ئۇنتۇپ كېتىڭ! — دەپتۇ ئايالى ئالدىراپ، — بۇنى مەن ئاللىقاچان سىناپ باقتىم، بىراق قىلچە ئۈنۈمى بولمىدى.

## فىزىئولوگىيىلىك تەربىيە

بىر ئاخشىمى، مەن بەش ياشلىق ئوغلۇم بىلەن سىللە بىلىۋىزور كۆردۈم. تېلېۋىزوردا ئاباللارىنىڭ تۇغۇنىغا داىئىر ھۆججەتلىك فىلىم كۆرسىتىلىۋاتاتتى. ئوغلۇم بەس ئاۋازدا مەيدىن سورىدى:

— ئاپا، سەن مېنى دۇغقاندىمۇ مۇشۇنداق قىلىغاندىمىدىڭ؟

— نۇنداق بولمايچۇ!

ئوغلۇم مېنى چىڭ قۇچاقلاپ، مىننەتدارلىق ئاھاڭىدا دېدى:

— ئاپا، مېنى ئوغۇل بالا قىلىپ تۇغۇشنى بىلگەندىكىن، سەن بەك ئەقىللىق ئىكەنسەن جۇمۇ! بولمىسا، مەنمۇ قانىنىق ئازابلىنىپ كىتەتتىكەنمەن.

## ئاۋۋال پۇلنى تۆلىۋېتىڭ

ئابال بىمار: دوختۇر، مېنىڭ خاتىرەم بارغانسېرى ناچارلاپ كېتىۋاتىدۇ.

دوختۇر: ناچارلاپ قايسى دەرىجىگە باردى؟ مىسال كەلتۈرۈپ بېقىڭ.

ئايال بىمار: ئاپتوبۇسقا چىقسام، ھەمىشە بېلەت ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالىمەن. رېستورانغا كىرسەم، تاماق پۇلى تۆلەشنى ئۇنتۇپ قالىمەن.

دوختۇر: ئەمىسە، سىز ئاۋۋال داۋالاش خىراجىتىنى تۆلىۋېتىڭ، ئاندىن كېسىلىڭىزنى كۆرۈپ قوياي.

## مەن رەسسام

— دوختۇر! — دېدى بىر ئېسىلزادە خانىم بىر ئەپەندىنىڭ ئىشخانىسىغا ئۇچقاندەك كىرگىنىچە، — سىز چوقۇم راست گەپ قىلىشىڭىز كېرەك، مەن زادى نېمە كېسەلگە گىرىپتار بولىمەن؟!

ھېلىقى ئەپەندى ئايالنىڭ بېشىدىن ئاياغىچە زەن سېلىپ قارىۋېتىپ، ئاندىن ئالدىرىماي - تېمەي دەپتۇ:

— خانىم، مەن سىزگە ئۈچ ئىشنى ئېيتماقچىمەن: بىرىنچىسى، سىز بەدەن ئېغىرلىقىڭىزنى ئەللىك قاداق كېمەيتىشىڭىز كېرەك. ئىككىنچىسى، ئەگەر سىز سۈرتىدىغان ئۇپا - ئەڭلىكنىڭ مىقدارىنى توقسەن پىرسەنت ئازايتسىڭىز، ھازىرقىدىن چىرايلىقراق كۆرۈنەلەيسىز. ئۈچىنچىسى، مەن رەسسام، دوختۇر ئەپەندى بىرىنچى قەۋەتتە.

## ياخشى تەدبىر

بىر پروفېسسور بىر قىز ئوقۇغۇچىدىن سوراپتۇ:

— سىز ئىشسىزلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ بىرەر باخشى چارىسىنى ئويلاپ تاپالامسىز؟

— ئەلۋەتتە، ئەپەندى! — دەپتۇ قىمىز ئوقۇغۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ، — مېنىڭچە، ئەرلەر بىلەن ئاياللارنى ئىككى ئارالغا ئايرىپ قويۇش كېرەك.

— شۇنداق قىلىنسا، ئۇلار نېمە قىلىشى مۇمكىن؟

— ھەر ئىككى ئارالدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كېمە ياساش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ.

## مۇۋاپىق كېلىدىغان كىتاب

بىر ئېسىلزادە خانىم كىتابخانىغا كىرىپ، پىرىكازچىكقا دەپتۇ:

— ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ بىللە ياشاۋاتقىنىمىزغا ئەللىك يىل بولدى، مەن ئېرىمگە بىر كىتاب سوۋغا قىلاي دېگەنىدىم، قايسى كىتاب مۇۋاپىق بولار؟

پىرىكازچىك بىر كىتابنى ئېلىپ خانىمغا سۇنۇپتۇ، بۇ كىتابنىڭ ئىسمى: «بىرىم ئەسىرلىك جاپالىق كۈرەشلىرىم» ئىكەن.

## تۇگمەندەك ئىشنى تۆگىدەك قىلىۋېتىش

— مېنىڭ ئاپام تۇگمەندەك ئىشنى تۆگىدەك قىلىۋېتىدۇ، — دېدى بىر ئونىنۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، — مەن بىرلا تۆنلىپ قويسام، ئۇ نەبەس يولى ياللۇغى بولۇپ

قايسەن، دەيدۇ؛ بىشىم ئازراقلا ئاغرىپ قالسا، بېشىمدا ئۆسمە بار ئوخشايدۇ، دەيدۇ؛ كىچىككىنە بالىغان سۆزلەپ قويسام، چوڭ بولغاندا جوقۇم بارلامىسى ئەزاسى بولغۇ-دەكسەن، دەيدۇ.

## ئاق چاچ، قارا چاچ

ئەمدىلا ئوتتۇرا ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغان بىر خوجايىن جېچىدا ئاق پەيدا بولغانلىقىدىن بىئارام بولۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئايال كاتىپى بىرمۇنچە ھۆج-جەتلەرنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپتۇ. خوجا-يىن ھۆججەتلەرگە قول قويۇۋېتىپ، يۇيۇقسىز ئايال كاتىپى-نىڭ يادا يۈرۈپ ئۆزىنىڭ بېشىغا قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ قاپتۇ.

— سىز مېنىڭ ئاق چاچلىرىمغا قاراۋاتامسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ رەنجىگەن ئاھاڭدا.

— ياق، خوجايىن، — دەپتۇ كاتىپ ئالدىراپ، — مەن سىزنىڭ قارا چاچلىرىڭىزنى ساناۋاتىمەن.

## ئۇ ئاڭلىمايدۇ

بانافنا، سېستىرا بىر ئايالنى ئاگاھلاندۇردى:

— خانىم، يەسرەك ئاۋازدا سۆزلىگەن بولسىڭىز! ئېرىڭىز مۇنلەق جىمجىتلىقا موھتاج.

— ھېچقىسى يوق، سىستىرا، — دەپتۇ ئايال بەبە

يۇقىرى ئاۋازدا، — ئېرىم بىلەن ئۆي نۇتقىلى ئۇزۇن يىل بولدى، ئۇنىڭ بىرەر ئېغىز گېپىمنى ئاڭلىغىنىنى بىلمەي-مەن.

## هايۋانات باغچىسىدىكى يىغا

— مېنىڭ ئابالىم هايۋانات باغچىسىغا بارسا بولماد-دۇ. ئۇ ياۋايى هايۋانلارنىڭ قەپىسى ئالدىغا كەلسىلا، هابا-جانلىنىشقا ۋە ياش تۆكۈشكە باشلايدۇ.

— نېمە ئۇچۇن؟ ئۇ ئاشۇ هايۋانلارغا ئىچ ئاغرىتامدۇ؟

— ياق، شۇنچە چىرايلىق ھېرىلەرنىڭ سىكاردىن-بىكار قەپەس ئىچىدە تۇرغىنىغا ئىچى ئېچىشىدۇ…

## تەلەپ

بىر جۈپ ئەر - خوتۇن ساياھەتچى مېھمانخانىنىڭ تىزىملاش ئورنىدىكىلەرگە دەيدۇ:

— بىزگە قوش كىشىلىك كارىۋىتى بار ياتاق بېرىڭ.

تىزىملىغۇچى خادىم ئوڭايسىزلانغان هالدا:

— كەچۈرۈڭلار، بۇنداق ياتاق قالمىدى، بوش ياتاق-لاردا بىر كىشىلىك كارىۋاتىن ئىككىسى بار، — دەيدۇ.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دەپ غۇدۇراپتۇ ئەر جىددىيلەشكەن هالدا، — بىز قىرىق تۆت يىلدىن بۇيان ئايرىم كارىۋاتتا يېتىپ باقمىغان.

بۇ چاغدا، ئايال تىزىملىغۇچى خادىمغا دەپتۇ:

— ئەمسە، ئىككى كارىۋاتنى يېقىنراق قىلىپ بەر-گىلى بولىدىغاندۇ؟ چۈنكى، ئۇ خورەك تارتقاندا، تۇرتۇپ قويىمىسام بولمايدۇ!

## يەنە بىر قېتىم

بىر ئايال توققۇز ياشلىق ئوغلى بىلەن نەرسە - كې-رەك سېتىۋالغىلى بازارغا بېرىپتۇ. ئايال بىر ئاپتوماتىك پۇل ئېلىش ماشىنىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، يېنىدىن بۇل كارتوشكىسىنى چىقىرىپتۇ. ئۇ كارتوشكا نومۇرىنى باشقى-لارنىڭ كۆرۈۋېلىشىدىن ئەيسىرەپ، ئوغلىغا دەپتۇ:

— بالام، ئەيرانغا قاراپ تۇرغىن، بىركىم كۆرۈپ قالمىسۇن!

ماشىنىنىڭ تۆشۈكىدىن يىگىرمە دوللارلىق پۇلدىن ئونى چىققاندىن كېيىن، ئوغلى بەس ئاۋازدا دەپتۇ.

— ئاپا، بەنە بىر قېتىم! ھېچكىم كۆرمىدى!

## ناركوز

بىر ئايال بىمار چىش دوختۇرىنىڭ ئىشخانىسىغا كىر-گەندىن كېيىن، ھەدەپ سومكىسىنى ئاختۇرغىلى تۇرۇ-پتۇ.

— خانىم، بۇل تۆلەشكە ئالدىرىماڭ، — دەپتۇ دوخ-تۇر.

— مەن پۇلنى تۆلىمەكچى ئەمەسمەن، ناركوزنىڭ ھەققىنى تۆلەيمەن بوق، ئەلكى سىز

ماڭا ماركوز ئوكۇلى ئۆرۈشنىن بۇرۇن، سومكامدا قاپچى-لىنىڭ پۇل بارلىقىنى بىلىۋالاي دەۋاتىمەن!

## مېنىڭ توغرا

— دوختۇر، — دەپتۇ بىر ئايال بىمار، — باشقا ئىككى دوختۇرنىڭ كېسەللىكىمگە قويغان دىئاگنوزى سىزنىڭ-كى بىلەن ئوخشاش چىقمىدى.

— بۇنى بىلىمەن، — دەپتۇ تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى، — لېكىن، جەسەتنى يېرىپ تەكشۈرۈش نەتى-جىسى جەزمەن مېنىڭ دىئاگنوزۇمنىڭ توغرىلىقىنى ئىس-پاتلايدۇ.

## شەرەپ

مېھمانسارايىنىڭ ئايال خوجايىنى چېچىلغان ھالدا رەسسامنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ:

— ئەپەندى، ھازىر دېمەكچى بولغان سۆزلىرىم سىز ئۈچۈن ئۆلتىماتۇم بولۇپ قالسۇن، سىز ئۆي ئىجارىسىنى تۆلەشنى يەنە ئارقىغا سوزسىڭىز قەتئىي بولمايدۇ!

— ئىشىمغا دەخلى يەتكۈزمەڭ، خانىم، — دەپتۇ رەسسىم سىزىۋاتقان رەسسام، — سىزگە راست گەپنى ئېيت-ساي، مېنىڭ ئۆيىڭىزدە تۇرۇشۇمنىڭ ئۆزى سىز ئۈچۈن كاتتا شان ـ شەرەپ! بىلىشىڭىز كېرەككى، بۇ بەردىن كەتكىنىمدىن كېيىن، كىشىلەر: «بۇ ئۆيدە بۇرۇن بىر

ئۇلۇغ سەنئەتكار نۇرغان!» دېيىشىدۇ. بۇ سىز ئۈچۈن شەرەپ ئەمەسمۇ؟
— مەنمۇ سىزگە راست گېپىمنى ئېيتىپ قوياي،. — دەيتۇ ئابال حوجايىن، — ئەگەر سىز بۇگون كەچكىچە ئۆي ئىجارىسىنى تاپشۇرۇۋەنمەيدىغان بولسىڭىز، مەن بۇ شە-رەپكە ئەيلا ئېرىشىشىم مۇمكىن!

## كېسەلنىڭ سەۋەبى

— ۋوكىر ئەيەندىنى يالنىستىنا يېتىپ قاپتۇ، دەپ ئاڭلىدىمغۇ؟
— شۇنداق.
— ئۇنىڭغا نىمە بوپتۇ؟ مەن تېخى تۈنۈگۈن ئاخشاملا ئۇنىڭ بىر جىرالىلىق قىز بىلەن تانسا ئوينىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋىدىم.
— دەل مۇشۇ ئىش ئۇنى يالىستىنا ياتقۇزۇپ قويدى، چۈنكى ئۇنى خوتۇنى كۆرۈپ قاپتۇ.

## توي خاتىرىسى

پروفېسسور: كىتابخانامدىكى لوكقىغا كىم بىر دەستە گۈل سېلىپ قويدى؟
پروفېسسورنىڭ ئايالى: مەن بولماي كىم بولاتتى؟ بۇگۈن سىزنىڭ توي خاتىرە كۈنىڭىز ئەمەسمۇ!
پروفېسسور: ئوھۇ، شۇنداقمۇ؟ رەھمەت، قەدىرلە-

كىم! سىرىڭ تويى خاتىرە كۈنىڭىز يېتىپ كەلگەندە، ئېسىمگە سېلىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالماڭ، ئۇ كۈنى مەنمۇ سىزگە بىر دەستە گۈل سوۋغا قىلىمەن.

## بالىلىرىم، بالىلىرىڭىز، بالىلىرىمىز

بىر ئادەم بىر تۇل خوتۇن بىلەن توي قىپتۇ. ئەرنىڭ بەش بالىسى، ئايالنىڭ ئالتە بالىسى بار ئىكەن. ئۇلار تويى قىلغاندىن كېيىن، ئوچ بالىلىق بوپتۇ.

بىر كۈنى، ئايال ئۆيگە ئېتىلىپ كىرىپ، ئېرىگە ۋارقىراپتۇ:

— ھوي، ئۇلىۋېرىۋەرمەي، ھويلىغا چىقىپ قاراپ بېقىڭ!

— نېمە بولدى؟

— ھەي - ي، سىزنىڭ بالىلىرىڭىز بىلەن مېنىڭ بالىلىرىم بىزنىڭ بالىلىرىمىزنى ئۇرۇۋاتىدۇ.

## كاپالەت

بىرۋا كېسەللەر دوختۇرى بىر سارالڭ ئايالنى بىرنەچچە ئاي داۋالاپ، ئاخىر ئۇنىڭغا ساقايغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ ھەمدە:

— بۇنىڭدىن كېيىن، سىز ئۆزىڭىزنى «ھەۋۋا ئانا» دەپ يۈرمەيسىز، — دەپ كاپالەت بېرىپتۇ.

— بەك باخشى بولدى! — دەپتۇ ئايال قولىغا قەلەم

ئېلىپ — ئەمىسە، ئادەم ئانىغا خەپ يېزىپ، بۇ خۇش خەۋەرنى بەنكۇزۇپ قوياي.

## ساقايماس كېسەل

بىر ئاپال بەكلا مەسىمەنچى بولۇپ كېتىپتۇ. ئېرى ئۇنى پسىخولوگىيە دوختۇرىغا كۆرۈنۈپ بېقىشقا نۇلىمۇ تەستە ماقۇل كەلتۈرۈپتۇ.

ئۇلار دوختۇرنىڭكىگە بارغاندىن كېيىن، ئەر سىرتتا قاپتۇ، ئاپال ئىشخانىغا كىرىپ كېتىپ، توپتوغرا بىر سائەتتىن كېيىن بېنىپ چىقىپتۇ.

— قانداقراق، مىجەزىڭ خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك تۇرامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئېرى.

— نەدىكىنى! — دەپتۇ ئاپال، — مۇنداقمۇ مەسىمەنچى ئادەم بولامدىغان! توپتوغرا ئەللىك مىنۇت سۆزلەپ، ئۇنى كېسەل كارتوچىسى دېرىزە نۇۋىگە قويسا، ئىشخانىغا تۇس كىرگۈزىدىغانلىقىغا ئاران قايىل قىلالىدىم...

## قەسەممۇ، تەھدىتمۇ

— گېپىمگە قۇلاق سال، دوستۇم، مەن بىر بەختسىزلىككە يولۇقتۇم. تۇنۇگۇن ئاپالىم مېنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ، ئاچچىقىدا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. كېتىش ئالدىدا، ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن ئانىسى بىلەن تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئېيتقىنا، بۇ ئۇنىڭ قەسىمىمۇ، يا تەھدىت سېلە-

شىمۇ؟
— سېنىڭ ئۇچۇن ئېيىنقاندا، بۇ ئىككىسىنىڭ نېمە پەرقى بار؟
— ئەلۋەتتە پەرقى بار! ئەگەر قەسىمى بولسا، بۇ ئايالىمنىڭ چوقۇم ئاتىسىنىڭكىگە بارىدىغانلىقىنى بىلدۇرىدۇ؛ ئەگەر تەھدىت سالغىنى بولسا، بۇ قېيىنانامنىڭ بىزنىڭ ئۆيگە كۆچۈپ كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

## چېچەن كۈيئوغۇل

بىر يىگىت ئايالىنىڭ بادامسىمان بېزىنى ئالدۇرۇۋېتىش ئۇچۇن دوختۇرخانىغا بېرىپتۇ.
دوختۇر ئوپېراتسىيىنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن، يىگىتكە دەپتۇ:
— ئەسلىدە، ئايالىڭىز كىچىك چېغىدىلا بۇ ئوپېراتسىيىنى قىلدۇرۇۋېتىشى كېرەك ئىدى.
— شۇندافمۇ؟! — دەپتۇ يىگىت قاتتىق خۇش بولۇپ.
شۇ كۇنى، يىگىت ئوپېراتسىيە تالونىنى قېيىناتىسىغا ئەۋەتىپ بېرىپتۇ.

## بېشىمدىن ئېلىۋەتسەملا...

بىر حاسىم باش كېيىم دۇكىنىغا كىرىپ شىلەپە ئالماقچى بويتۇ. پىركازچىك بىر شىلەپىنى قولىغا ئېلىپ

ھەدەپ ماخىنغىلى تۇرۇپتۇ:
— مانا بۇ شىلەپىنى ئېلىڭ، خانىم! بۇنى كىيگەن كىشى ئىرافلا ئون ياش ياشىرىپ كېتىدۇ.
خانىم شىلەپىگە قاراپ لەۋلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ دەيدۇ:
— ياق، ھەرگىز ئۇنى ئالمايمەن!
— نېمىشقا ئەمدى؟
— چۈنكى، ئۇنى بېشىمدىن ئېلىۋەتسەم، بىراقلا ئون ياش قېرىپ كېتىدىكەنمەن ئەمەسمۇ!

## ئۇنداق بولسىڭىز بولمايدۇ

بىر ئالىم سېرىق ئاي مەزگىلىدىمۇ قولىدىن كىتابنى چۈشۈرمىگەنىكەن، ئايالى ئاغرىنىپتۇ:
— ئىسسىت، مەن بىر كىتاب بولۇپ قالسامچۇ!
— نېمىشقا؟ — ئالىم گاڭگىرىغان ھالدا سوراپتۇ.
— شۇنداق بولغان بولسام، كۈن بويى سىزنىڭ قولىڭىزدا بولغان بولاتتىم.
— ياق - ياق، ئۇنداق بولسىڭىز ھەرگىز بولمايدۇ. چۈنكى، مەن بىر كىتابنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى قويۇپ قويۇپ، يەنە بىر كىتابنى ئوقۇيمەن ئەمەسمۇ!...

## تۇرۇپ قالغان يەمچۈك

بىر ئانا بوستا يېتىپ قالغان قىزىدىن نېمىشقا توي

قىلىشقا ئالدىرىمايدىغانلىقىنى سوراپتۇ.

— بىرنەچچە يىگىتلەر بىلەن دوست بولۇپ يۈرۈپ باقتىم، — دەپتۇ قىز، — بىراق ھېچقايسىسى كۆڭلۈمگە ياقمىدى. يەنە قاراپ باقاي، تاللاپ باقاي.

— ئېغىر - بېسىق بولغىنىڭغۇ ياخشى، — دەپتۇ ئاتا، — بىراق، پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، قېرى قىز بولۇپ قالما يەنە.

— خاتىرجەم بول، دادا، دېڭىزدا بېلىق دېگەن كۆپ. قۇ!

— ئۇغۇ شۇنداق، بىراق يەمچۈك ئۇزاق يۈرۈپ قالسا، تەمى قالمايدۇ.

## تۇغمە

ئايال: قارىغا، بۇ كونا كىيىمىمنىڭ تۇغمىلىرى پۈتۈنلەي چۈشۈپ قالدى! ئۇنى كىيىپ، قاندافمۇ سىرتقا چىقالايمەن؟

ئەر: ھېچقىسى يوق، مەن ئەتىلا ئەكېلىپ بېرەي.

ئايال: يېڭى كىيىمنىمۇ؟

ئەر: ياق، يېڭى تۇغمىلەرنى.

## ئۇزۇن يىغىن

بىر كۈنى، كەنتتە يىغىن ئېچىلىپتۇ. ئۈچ سائەت ئۆتۈپتۇ، يىغىننىڭ ئاخىرلىششىدىن خەۋەر بولمابتۇ. بىر

جاغدا، ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا مېڭىپتۇ.

— نەگە ماڭدىڭىز، ئانا ئىۋاۋۋا، يىغىن تېخى تۈگىمىدى!

— ئۆيدە بالام يالغۇز قالغان! — ئانا شۇ گەپنى قىپتۇ ـ دە، چىقىپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن يىگىرمە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، بىر ياش ئايال ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.

— لىنا، سىز نەگە بارىسىز؟ سىزنىڭ ئۆيدە قالغان بالىڭىز يوققۇ؟

— ئەگەر مەن بۇ يەردە ئولتۇرىۋەرسەم، بىز مەڭگۈ بالىلىق بولالمىغۇدەكمىز! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ لىنا.

## ئەپچىل جاۋاب

بىر ئايال بىرنەچچە كۈنلۈك سەپەرگە چىقماقچى بوپتۇ. يولغا چىقىش ئالدىدا، ئۇ قىلىشقا تېگىشلىك ئۆي ئىشلىرى توغرىسىدا ئېرىگە ئون پارچە باغاقچە يېزىپ قالدۇرۇپتۇ. بەشىنچى پارچە باغاقچىغا: «ئايالىڭىزنى كۆپ-رەك سېغىنىپ تۇرارسىز» دەپ يېزىپ قويۇپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئايال قايتىپ كەپتۇ. ئې-رى ئون باغاقچىغا يېزىلغان ئىشلارنى تولۇق ئورۇنداپ بولالمىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— بەشىنچى باغاقچىدىكىنىچۇ؟

— ئۇنى دېمەمسەن؟ — دەپتۇ ئېرى ئوڭايسىزلانغان هالدا، — ئالدىنقىلىرىنى ئورۇنداش بىلەن ئالدىراش بو-

لۇپ كېتىپ، بۇنىڭغا ۋاقتىم يەتمىدى.

## مۇھەببەت خېتى

«ئەڭ ـ ئەڭ قەدىرلىكىم لۇبىس:

بىز نىكاھ توخىتىمىزنى بىكار قىلغاندىن بۇيان، قەلبىم تەسۋىرلىگۈسىز ئازاب ئىچىدە ئىڭرىماقتا. ئۆتۈنۈپ قالاي، بىز يارىشىپ قالايلىچۇ. سېنىڭ قەلبىمدە ئىگىلىگەن ئورنۇڭنى ھېچقانداق ئادەم ئىگىلىيەلمەيدۇ. ماڭا رەھىم قىل. سېنى سۆيىمەن! سېنى سۆيىمەن! ! سېنى سۆيىمەن! ! !

مەڭگۈ ساڭا مەنسۇپ بولغان مارىيەدىن

ئەسكەرتىش: لاتارىيە بېلىتى ئېلىپ، كاتتا ئامەتكە ئېرىشىشىڭنى تىلەيمەن.»

## نېمىشقا پۇل تۆلەيمەن

پىخسىقلىقتا داڭقى بار بىر دېھقان ئايالىنى دوختۇرغا كۆرسىتىپتۇ.

— كىشىلەر سىزنى بىخسىق، دېيىشىدىكەن، — دەپتۇ دوختۇر، — مەن راستىنىلا داۋالاش ھەققىنى ئالالاي-مەنمۇ؟

— سىز مەيلى ئۇنى ساقايتىپ قويۇڭ ياكى ئۆلتۈرۈپ قويۇڭ، سوتقا بېرىپ يۈرمەيلا، داۋالاش ھەققىڭىزنى ئالالايسىز، — دەپتۇ دېھقان.

دوخنۇر دېھقاننىڭ ئايالىنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن داۋالاپتۇ، بىراق ئايال يەنىلا ئۆلۈپ كېتىپتۇ. دوخنۇر داۋالاش ھەققىنى تەلەپ قىلغانىكەن، دېھقان.

— سىز ئۇنى داۋالاپ ساقايتالىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق.

— ئۇنداقتا، سىز ئۇنى داۋالاپ ئۆلتۈرۈپ قويدىڭىزمۇ؟

— ئەلۋەتتە، ياق! — دەپتۇ دوخنۇر غەزەپلەنگەن ھالدا.

— ئېيتقىنا، سىز ئۇنى داۋالىمىغانىكەنسىز، نېمىشقا سىزگە پۇل تۆلەيدىكەنمەن؟!

## تەجرىبە

قېيىناتا ـ قېيىناسىنىڭ تۇرمۇش قۇرغان ئوتتۇز يىل ھەربايىدا ئىجىل ـ ئىناق ئۆتكەنلىكى، بىرەر قېتىممۇ تەگىشىپ قالمىغانلىقىنى ئاڭلىغان بىر يىگىت قېيىناتىسىدىن تەجرىبىسىنى سۆزلەپ بېرىشىنى سوراپتۇ. قېيىناتىسى مۇنداق دەپتۇ:

— مەن توي قىلغان چاغدا، قېيىناتام. «ئايالىڭنىڭ كەمچىلىكىنى ياكى قىلىپ قويغان خاتا ئىشىنى ھەرگىز تەنقىدلىمە. بىلگىنكى، دەل ئۇنىڭ كەمچىلىكلىرى بولغانلىقى ۋە بەزىدە خاتا ئىشلارنى قىلىپ قويىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، سىنىڭدىنمۇ ياخشىراق ئەرنى تاپالمىغان» دېگەن. سىزمۇ بۇ گەپلەرنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭ.

## سوۋغات

يوھان ئۆزى بىلەن نەڭدېمەتلىك سۆيگۈنىنىڭ تۇغۇل-
غان كۈنىگە نېمە سوۋغا قىلىشنى بىلەلمەي، مومىسىدىن
مەسلىھەت سوراپتۇ:

— موما، ئەگەر ئەتە سېنىڭ ئون ئالتە ياشقا كىرگەن
تۇغۇلغان كۈنۈڭ بولسا، نېمە سوۋغات ئېلىشنى ئارزۇ
قىلغان بولاتتىڭ؟

مومای ئۈھسىنىپ قويۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— مەن ھېچقانداق سوۋغات ئالمىغان بولاتتىم!

## ئۈزۈك

بىر قىزغا يىگىتى ئالتۇن ئۈزۈك سوۋغا قىپتۇ. ئەتى-
سى، قىز ئۈزۈكنى تاقاپ ئىشقا بېرىپتۇ. لېكىن، بىرەر
ئىشدىشى ئۇنىڭ قولىدىكى ئۈزۈككە دىققەت قىلماپتۇ.

دەم ئېلىش ۋاقتى بولۇپ، ئىشخانىدىكىلەر چاي ئى-
چىپ ئولتۇرغاندا، قىز تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇرۇپ دەبتۇ:

— ۋىيەي، ھاۋا ئەجەبمۇ ئىسسىپ كەتتى، مەن ئۈزۈ-
كۈمنى ئېلىۋەتمىسەم بولمىدى!

## ئاچا ـ سىڭىللار

بىر جۈپ ئاچا ـ سىڭىلنىڭ ئارازلىشىپ ئۆتكىنىگە

ئوتتۇز يىل بوپتۇ. ئاخىرى ماتىلدا 70 ياشقا كىرگەندە، سىڭلىسى مارگارېت ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلىپ قاپتۇ ھەمدە ئاچىسىنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنى يوقلاپ بېرىپتۇ.

كېسەل كارىۋىتىدا ياتقان ماتىلدا سۇرلۇك نەزىرى بىلەن سىڭلىسىغا بىرھازا قاراپتۇ، ئاندىن ئاجىز ئاۋازدا سىۋىرلاپتۇ:

— مارگارېت، دوختۇر ماڭا كېسەللىك بەك ئېغىر، دەيدۇ. ئەگەر ئۆلۈپ كېتىدىغان بولسام، ساڭا سېنى ئاللىقاچان كەچۈرۈۋەتكەنلىكىمنى بىلدۈرگۈم بار. لېكىن، سالامەتلىكىم ئەسلىگە كېلىپ قالغۇدەك بولسا، ھەممە ئىشلار بۇرۇنقىدەك بولىدۇ!

## قەيسەرلىك

بىر دېۋانە بىر سېمىز ئايالغا دەپتۇ:

— ھۆرمەتلىك خانىم، ماڭا رەھىم قىلىڭ، مېنىڭ ئاغزىمغا بىرنېمە سالمىغىنىمغا ئۈچ كۈن بولدى.

— ئاھ، مەن ساڭا بەك ھەۋەس قىلىمەن، — دەپتۇ سېمىز ئايال، — سېنىڭدىكى مۇشۇ قەيسەرلىك مېنىڭدە بولغان بولسا، ئاللىقاچان زىلۋالىشىپ كەتكەن بولاتتىم.

## ئۆي تۇتۇشنىڭ يولى

بىر ئاخشىمى، مەن گۆرەل سەنئەت سارىيىغا بېرىپ

رەسىم كۆرگەزمىسىنى كۆردۇم. مەن ئارغامچا، يوپىز بېلىنى، سىم تور، جۇلىقى چىقىپ كەتكەن سافا ۋە كونا بالون قاتارلىقلاردىن قۇراشتۇرۇلغان بىر پارچە ماي بوياق رەسىمنى كۆرۈۋاتقىنىمدا، يېنىمدا تۇرغان بىر ئابال بەنە بىر ئايالغا پىچىرلىدى:

— شۇنىڭدىن قارىغاندا، ھەرقانداق نەرسىنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەسلىك كېرەك ئىكەن - دە!

## سالام خەت

ئالىي مەكتەپنە ئوقۇۋاتقان بىر قىز دەرسكە قاتنىشىش، ئۆگىنىش، ئۇچرىشىش، ئۇخلاش دېگەندەكلەر بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۇزاققىچە ئاتا - ئانىسىغا خەت بازماپتۇ. بىر كۈنى، ئاتا - ئانىسىدىن خەت كەپتۇ. خەتتە مۇنۇلار بېزىلغانىكەن:

«سۆيۈملۈك قىزىم، ئاباڭ ۋە مەن سېنىڭ ئۆتكەنكى خېتىڭنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئىنتايىن خۇشال بولغانىدۇق. ھالبۇكى، ئۇ چاغدا بىز ھازىرقىدىن كۆپ ياش ئىدۇق، شۇنىڭدەك ھازىرقىغا قارىغاندا تېخىمۇ ھېسسىياتچان ئىدۇق. سېنى سۆيۈپ، داداڭدىن.»

## سەۋەب

بىر جوپ ئەر - خوتۇن قانىمىق ئۇرۇشۇپ قاپتۇ. كېيىن، ئەر پۇشايمان قىلىپ قېلىپ، ئايالىنى دېرىرىنىڭ

ئالدىغا باشلاپ كەپتۇ ـ دە، ئىككى ئاتنىڭ قۇرۇق چۆپ بېسىلغان بىر ھارۋىنى سۆرەپ تاغقا چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپتۇ.

— قارىغىنا! بىز نېمىشقا ئۇلارغا ئوخشاش تۇرمۇشنىڭ ھارۋىسىنى بىللە تارتىپ، ھاياتنىڭ چوققىسىغا چىقمايمىز؟

— بىزنىڭ يۈكنى بۇ ئىككى ئاتتەك تەڭ تارتىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، — دەپتۇ ئايال، — چۈنكى، ئىككىمىزدىن بىرىمىز ئېشەك.

## ئىككى قوشنا ئايالنىڭ پارىڭى

— سىز كېسەل بولۇپ قالغان ئوخشىمامسىز؟

— قانداق دەيسىز؟

— ئۈچ كۈندىن بېرى، ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە بىر دوختۇر سىزنىڭ ئۆيىڭىزدىن چىقىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدىم.

— ئۆتكەن ھەپتىدە، بىر مايور ھەر ئاخشىمى سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە كېلىپ تۇردى، ئېيتىڭا، سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە ئۇرۇش پارتلىغانمىدى؟

## ئىككى خىل تەلەپ

بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن كەچلىك تاماقتىن كېيىن باغچىدا سەيلە قىلىۋاتاتتى. توساتتىن، ئەر تېيىلىپ يىقى-

لىپ چۈشىنى - دە، قاتتىق ئاچچىقلانغىنىچە ئورنىدىن
تۇردى:
— بۇ كاساپەت يولغا ئوبدانراق يورۇيدىغان چىراغلار-
ى ئورنىتىپ قويسا بولماسمىدى؟!
ئايال كۈلۈپ كېتىپ دېدى:
— مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن چاغلىرىمىز ئېسىڭىزدە-
مۇ؟ ئۇ چاغلاردا، بۇ يەرگە كەلسەك، سىز ھەمىشە، نېمىشقا شۇنچە بەك يورۇيدىغان چىراغلارنى ئورنىتىپ قو-
يىدىغاندۇ، دەپ قاقشايتتىڭىز...

## ھۆسن تۈزەش

بىر قىز ھۆسن تۈزەش دوختۇرخانىسىغا كىرىپتۇ. دوختۇر ئۇنىڭ قاشلىرىنى ياساپ، قاپاقلىرىنى قوش قاپاق قىلىپ قويۇپتۇ، ئاندىن سوراپتۇ:
— خانقىز، يەنە قانداق تەلەپلىرىڭىز بار؟
— كۆزلىرىمنى چوڭراق كۆرۈنىدىغان قىلىپ قويسى-
ڭىز.
— بۇ تولىمۇ ئاسان، — دەپتۇ دوختۇر ۋە ھېسابات ئورنىغا قاراپ توۋلاپتۇ، — دەرھال بۇ خانقىزنىڭ ھېسابات تالونىنى ئېلىپ كېلىڭلار!

## كۆز تەكشۈرتۈش

بىر ئايال ئېرىگە، كۆزىڭىزدە چاتاق بار، دوختۇرغا

يەكشۈرمىسەك بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالدى. ئاخىر، ئەر
دوختۇرغا كۆرۈنۈشكە ماقۇل بولۇشقا مەجبۇر بولدى ۋە
ئۆيدىن چىقىشتىن بۇرۇن، خوتۇنىنى چىڭ قۇچاقلاپ بىر-
نى سۆيدى ـ دە، ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ:
— سۆيۈملۈكۈم، سىز نېمىدېگەن چىرايلىق! —
دېدى.
چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرگەن ئايال ئېرىنىڭ بوينىغا
ئېسىلىپ دېدى:
— نەچچە چاغدىن بېرى، ئادەمنى ئەجەب ئەنسىرەتتى-
ڭىز. ئەسلىدە، كۆزىڭىز ساق ئىكەنغۇ!

## قۇرۇق قول ئىگىلىك تىكلەش

فرىد سۆيگىنىنى رىستورانغا بېرىشتىن بالتايىنىش ئۈ-
چۈن:
— بىلەمسىز، مىليونېرلارنىڭ ھەممىسى بىر تىيىن-
نى ئىككىگە بۆلۈپ ئىشلىتىپ يۈرۈپ، قۇرۇق قول ئىگى-
لىك تىكلىگەن! — دەيدۇ.
— بۇنى ئوبدان بىلىمەن! — دەپتۇ سۆيگىنى، —
بۇ پۇللىرىڭىزنى خەجلىمىسەڭ، سىز قانداق قىلىپ
قۇرۇق قول ئىگىلىك تىكلەش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيسىز؟

## كېچىكىپ قېلىشىڭىزنى خالىمايمەن

بىر كىشى خىزمەتتىن چۈشكەندىن كېيىن، دوستلى-

رى بىلەن مەبخاسدا ئولىۋرۋپ، ئۆيىگە ناھايىتى كەچ
قايىتىپتۇ. ئۆيىگە كىرسە، ئاپالى ناماق جوزىسىنىڭ قېشىدا
ئېڭەك بۆلەپ ئولتۇرغۇدەك. ئاپال ئېرىنى يا سوراقفا تارتـ
ماپتۇ، يا ئەيىبلىمەپتۇ، بەلكى ئوچۇق چىراي بىلەن ئۇنىڭ
تاماق يېگەن ـ يېمىگەنلىكىنى سورابتۇ. ئەر، قورسىقىم
توق، دەپتۇ ـ دە، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ ئۇخلاپ قاپتۇ.
ئەر تازا قاتتىق ئۇخلاۋاتقاندا، سائەت جىرىڭلاپ ئۇنى
ئويغىتىۋېتىپتۇ. ئۇ ھاپىلا ـ شاپىلا ئورنىدىن تۇرۇپ،
چىراغنى ياندۇرۇپ سائەتكە قارىسا، سائەت تېخى ئۈچ
يېرىم بولغانىكەن.
— ئادەمنى ئۇخلىغىلى قويماي، قوڭغۇراقنى نېمانداق
بالدۇرلا بىر ۋاقىتقا توغرىلاپ قويىدۇڭ! — دەپ كونۇلدات‍ـ
ىۇ ئۇ خوتۇنىغا.
— نۇمۇ سىز ئۈچۈن! — دەپتۇ ئاپالى چىرايىنى
ئۆزگەرتمەي، — ئىدارىڭىزدىن ئۆيگە قايتىپ كەلگۈچە
نۆت سائەت ۋاقىت كېتىدۇ، ئۆيدىن ئىدارىگە بارغۇچىمۇ
شۇنچىلىك ۋاقىت كېتەر، دەپ ئويلىدىم. قەدىرلىكىم،
مەن سىزنىڭ ئىشقا كېچىكىپ قېلىشىڭىزنى خالىمايمەن.

## ئانىنىڭ ئىسمى

بىر كىچىك بالا ئانىسىنى ساقلاپ تۇراتتى. ئانىسى
ئىشلەيدىغان ماگىزىننىڭ خوجايىنى چىقىپ سورىدى:
— شاكىچىك، بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن؟
— ئاپامنى ساقلاۋاتىمەن.
— ئاپاڭنى... ئۇنىڭ ئىسمى نېمە؟

— ھە... بۇنىڭغا ئېنىق نېمە دېيەلمەيمەن! مەن ئۇنى ئاپا، دەپ چاقىرىمەن. دادام ئۇنى قەدىرلىكىم، دەپ چاقىرىدۇ. بوۋام بولسا، رىسا، دەيدۇ.

## ئاپام شۇنداق دېگەن

بىر ساقچى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئالدىدا تۇرسا، ئالتە ياشلاردىكى بىر قىزچاق ئۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇرۇپ كېتىپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن سوراپتۇ

— سىز ساقچىمۇ؟

— شۇنداق.

— مېنىڭ ئاپام، ھەرقانداق ۋاقىتتا ياردەم كېرەك بولسا، ساقچىلارنى تاپ، دېگەنىدى. ئۇنىڭ دېگىنى توغرىمۇ؟

— ئاپىڭىز ناھايىتى توغرا ئېيتىپتۇ، قىزچاق!

— ئەمىسە، خاپا بولماي ئايىغىمنىڭ بوغقۇچىنى چېگىپ قويۇڭا!

## «ئانا» ۋە «قىز»

نىراب خانىم قىزىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى باسقاندىن كېيىن، ئۈنلۈك ئاۋازدا توۋلىدى:

— ۋەي، سۆيۈملۈكۈم، ياخشى تۇرۇۋاتامسەن؟

— ھالىم بەك خاراب، ئاپا، بالىلارنىڭ ھەممىسى

كەپسىزلىك قىلىشۋاتىدۇ، ئۆيىسىڭ ئىچى ئېغىلدەك بولۇپ كەتتى، مەن كەچنە كېلىدىغان ئالىە مېھمان ئۇچۇن تاماق تەييارلاۋاتىمەن.

— جىددىيلەشمە، جېنىم، مەن ھازىرلا بېرىپ بالىلىرىڭغا قاراي، ئۆيۈڭنى يىغىشتۇرۇپ بېرەى، يەنە تېخى مېھمانلىرىڭ بىر ئۆمۈر ئۇنتۇيالمىغۇدەك قىلىپ بىرنەچچە خىل ناماق ئېتىپ بېرەي.

— سەن بىر پەرىشتىغۇ، جېنىم ئابا! دادام ياخشى تۇرۇۋاتامدۇ؟

— داداڭ؟ ... نېمە دەۋاتىدىغانسەن ئەمدى! داداڭ نۇسكدىن نوققۇز يىل بۇرۇنلا نوگەپ كەتكەن ئەمەسمىدى.

بىردەملىك سۇكۇتتىن كېيىن، قارشى تەرەپنىڭ سوئالى ئاڭلاندى:

— سىز قايسى نومۇرنى باسقانىدىڭىز؟

— 5577431نى.

— مېنىڭ تېلېفونۇمنىڭ نومۇرى 5577432.

— ۋاي، كەچۈرۈڭ، مەن تېلېفوننى خاتا ئۇرۇپ قويۇپتىمەن.

— تېلېفوننى قويۇۋەتمەڭ، ئۆتۈنۈپ قالاي! — قارشى تەرەپنىڭ ئېچىنىشلىق ئاۋازى ئاڭلاندى، — سىز ھېلىلا ئۆيۈمگە كېلىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتقانىدىڭىزغۇ؟!

## ئىككى ئەر ئۆيگە قايتقاندا

ئىككى ئەر ئاخشىمى قارتا ئويناپ ئۆيگە كەچ قايتىپ بارغان چاغدىكى تەسىراتلىرىنى سۆزلىشىپتۇ.

— مەن ئۆيگە قايتىپ بارغىنىمدا، ئايالىمنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن تىرىشىمەن، — دەپتۇ بىر ئەر، — ھەر قېتىم ئۆيگە قايتقاندا، ئۆيگە يېقىن بېرىپ بارمايلا ماشىنىنىڭ ماتورىنى ئۆچۈرىمەن - دە، ھاسىراپ - ھۆمىدەپ يۈرۈپ، مىڭ بىر جاپادا ماشىنىنى ئىسكىلاتقا ئىتتىرىپ ئەكىرىمەن. ئاندىن كېيىن، ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاستا ئېچىپ، ئايىغىمنى سېلىۋېتىپ، قوللىرىم بىلەن سىپاشتۇرۇپ يۈرۈپ ياتاق ئۆيگە كىرىمەن. لېكىن، مەن ئەمدىلا كارىۋاتقا چىقاي دېيىشىمگە، تۇيۇقسىز ئايالىم ئويغىنىپ كېتىدۇ - دە، ماڭا سىل - ئاھانەتنى ياغدۇرۇۋېتىدۇ.

— مەن ھەر قېتىم ئۆيگە قايتقان چېغىمدا، قەستەن قاتتىق ئاۋاز چىقىرىمەن، — دەپتۇ يەنە بىر ئەر.

— راستمۇ؟

— راست بولمامدۇ! مەن ھەر قېتىم ئىشىك ئالدىغا كېلىپ قوڭغۇراقنى باسىمەن. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، ئىشىكنى بار كۈچۈم بىلەن يايىمەن. ئاندىن كېيىن، ئۆيدىكى ھەممە چىراغلارنى ياندۇرۇۋېتىمەن ۋە ياتاق ئۆيگە گۈلدۈرلەپ كىرىپ ئايالىمنى سۆيىمەن - دە: «ھەي ئېلىرا، مېنىمۇ سۆيۈپ قويمامسەن!» دەيمەن.

— ئۇ نېمە دەيدۇ؟

— ئۇ ھېچنېمە دېمەيدۇ، بەلكى يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالىدۇ.

## كۆزەينەك

خەيلۇسىنىڭ كۆزى ياخشى كۆرمىگەچكە، دائىم كۆزەي-

نەك تاقاپ يۈرەتتى. لېكىن، لايىق تېپىۋالغاندىن بۇيان، ئۇ كۆزەينەك تاقىمايدىغان بولۇۋالدى. بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن ئانىسى سورىدى:

— نېمىشقا كۆزەينەك تاقىمايسەن؟

— ۋىكتور كۆزەينەك تاقىمىسىڭىز تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈنىدىكەنسىز، دەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كۆزەينەك تاقىمىسام، ئۇمۇ ماڭا كۆزەينەك تاقىغان چېغىمدىكىگە قارىغاندا چىرايلىقراق كۆرۈنىدىكەن.

## باللىق بولماپسىز

بىر ئابال خېرىدار ئويۇنچۇق دۇكىنىدا قىزى ئۈچۈن ئويۇنچۇق تاللاپتۇ.

— بۇ ئېلىڭ! — دەپتۇ ئابال پىرىكازچىك بىر قونچاقنى كۆرسىتىپ، — ئۇنى شۇنداق باتقۇرسىڭىز، خۇددى كىچىك باللىدەك دەرھال كۆزىنى يۇمىدۇ.

— ھەي - ي— … دەپتۇ ئابال خېرىدار ھارغىنلىق بىلەن بېشىنى چايقاپ، — گېپىڭىزدىن قارىغاندا، سىز تېخى باللىق بولۇپ باقماپسىز - دە! …

## يۈيۈۋەرگەن بىلەن…

— ئەمدى ھەرگىز يۈزۈمنى يۇمايمەن! — دەپتۇ كىچىك ۋىكتورىيە.

— ئۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ، — دەپتۇ مومىسى، —

مەن سېنىڭدەك ۋاقتىمدا، ھەر كۈنى يۈزۈمنى يۇياتتىم.

— يۇيىۋەرسەم، يۈزۈم سېنىڭكىدەك بولۇپ قالامدۇ؟!

## نەۋرەم ئۈچۈن

بىرنەچچە كۈن بۇرۇن، مەن بىر موماينى يوقلاپ باردىم. ئۇ توقسان بەش ياشقا كىرگەنلىكىنى خاتىرىلىگەنىكەن.

— سىز نەۋرەمنىڭ ماڭا نېمىنى سوۋغا قىلغانلىقىنى پەرەز قىلالماپسىز، — دېدى ئۇ روھلۇق ھالدا، — مەن توقسان ياشقا كىرگەندە، ئۇ بەش يىلغا يېتىدىغان كۈندىلىك خاتىرىدىن بىرنى سوۋغا قىلغان. بۇ قېتىممۇ يەنە شۇنداق خاتىرىدىن بىرنى تەقدىم قىپتۇ. ئۇنىڭدا شۇنچە زور ئىشەنچ بار تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويۇشقا كۆڭلۈم قانداقمۇ ئۇنايدۇ!

## ئىككى سوئال

مىرىسا بال ئاچقۇرغىلى بېرىپتۇ. بالچى ئۇنىڭغا دەپتۇ:

— مەن سىزنىڭ ئىككى سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرىمەن، بۇنىڭ ھەققىگە ماڭا بەش دوللار بېرىسىز.

— ۋييەي، ئىككى سوئالغا شۇنچە كۆپ پۇل ئالامسىز؟

— شۇنداق. بىر سوئالنى سوراپ بولدىڭىز، ئەمدى ئىككىنچىسىنى سورىسىڭىز بولىدۇ.

## نېمىلا قىلسا ئەپلەشمەسلىك

— چىرايىڭ بىرقىسمىلا تۇرىدۇ، نېمە بولدۇڭ؟

— سورىمايلا قوي، ئەچچە چاغدىن بېرى، كېچىسى كىچىككىنە شەپە بولسا، ئايالىم ئوغرى كىردىمىكىن، دەپ مېنى ئويغىتىپ، زادىلا ئارام بەرمىدى.

— ئوغرى دېگەن شەپە چىقارماي ئوغرىلىق قىلىدىغۇ.

— ئۇنىڭغا مەنمۇ شۇنى دېدىم. بىراق، شۇنىڭدىن تارتىپ، كېچىسى بىرەر شەپە چىقمىسىلا، مېنى يەنە ئويغىتىدىغان بولۇۋالدى.

## سۆيۈشنى قايتۇرۇش

كاتىپ قىز: ئەپەندى، رەپىقىڭىز سىزنى تېلېفوندا سۆيۈپ قوياي، دەيدۇ.

خوجايىن: ئاۋۋال سىز تاپشۇرۇۋېلىڭ، ئاندىن ماڭا يەتكۈزۈپ بېرىڭ!

## تۇل خوتۇن

مېكائىل ياپياش تۇرۇپلا ئۆلۈپ قالدى. ئۇنىڭ تۇل قالغان ئايالى بىر دوستى بىلەن تۇپراق بېشىدىن قايتىپ

كېلىۋاتقاندا، دوستى دېدى:

— بىچارە دوستۇم، سەن تەنها قالدىڭ، سەن ھەر ئاخشىمى قاتنىپ كېلىشىنى كۈتىدىغان ھەمراھىڭ ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ.

— بۇ مەن ئۈچۈن تۇنجى قېتىملىق ئىش ئەمەس. بىراق، ھازىر ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ كېچىنى قەيەردە ئۆت-كۈزىدىغانلىقىنى بىلەلەيدىغان بولدۇم.

## كارىۋات يېنىدا ئەسلەش

مەن چوڭ ئوپېراتسىيىدىن چىقىپ ئاركوزنىڭ كۈچى كەتكەندىن كېيىن، ئاستا كۆزۈمنى ئاچسام، كارىۋىتىم-نىڭ ئايىغىدىكى بەۋرەنمە ئورۇندۇقتا ناتونۇش ئىككى ئايال بىر-بىرىنى قۇچاقلىغىنىچە ئولتۇرۇپتۇ.

— كەچۈرۈڭلار، — دېدىم مەن، — سىلەر ياتاققا خاتا كىرىپ قاپسىلەر.

ياشراق بىر ئايال ماڭا قاراپ دېدى:

— قورقماڭ، بىز سىزگە ھەرگىز مالال يەتكۈزمەي-مىز. ئۆتكەن يىلىنىڭ دەل مۇشۇ كۈنىدە، دادام مۇشۇ كارىۋاتتا جان ئۈزگەنىدى. ئاپام بىلەن ئىككىمىز بۇ يەردە بىردەم ئولتۇرۇپ ئۇنى ئەسلىۋالايلى، دەپ كەلگەنىدۇق.

## ئەقلى يەتمەسلىك

گۈزەل سەنئەت سارىيىدىكى بىر رەسىمنىڭ ئالدىدا

بىر ئاپال بوراپتۇ. بۇ كېيىملىرى جۇل - جۇل بىر سەرگەردان ئەرنىڭ رەسىمى ئىدى.

— ھېچ ئەقلىم يەتمەيدۇ! — دېدى ئاپال بىر چاغدا، — بۇ يوچىنىڭ كىيىم سىزىۋالغۇدەكمۇ پۇلى يوق ئىكەن، بىراق ئۆزىنىڭ رەسىمىنى سىزدۇرۇشقا رەسسام تەكلىپ قىلىپتۇ.

## ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرىش

بۈگۈن كۆتۈش زالىدا، بىر ساياھەتچى بىر يوۋاقنى كۆتۈرۈۋالغان بىر ئاپالنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتى. يوۋاق قىرقىراپ يىغلىماقتا ئىدى. بىردەمدىن كېيىن، بوۋاقنىڭ يىغىسى توختىدى. ساياھەتچى ھېلىقى ئاپالنىڭ مۇلايىم ئاۋازىغا قۇلاق سالدى.

— بولدى، بولدى، بەسىي، — ئۇ بوۋاقنى بەڭگىل تەبىلىگەچ سۆزلىمەكتە ئىدى، — بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن ئۆيگە يېتىپ بارىسەن. ئۇ چاغدا، سەن راھەتلىنىپ يۇيۇنىسەن - دە، كارىۋاتقا چىقىپ ئازا قانغۇچە ئۇخلىۋالىسەن...

ساياھەتچى ئۇنىڭ بوۋاقنى بەزلەشتىكى سەۋرچانلىقىنى ماختىغۇسى كەلدى:

— سىز بەنسىگە ھەقىقەتەن ئامراق ئىكەنسىز، ئۇنىڭغا دېگەن سۆزلىرىڭىز بەكلا بەسىرلىك ئىكەن.

ئاپال بېشىنى كۆتۈرۈپ كۈلۈپتۇ:

— ئەپەندى، بوۋاقنىڭ ئىسمى كاتى، مانا مېنىڭ ئىسمىم بەسىي!

## ئەقىللىق بالا

ئانا: ئەسلىككە مېىسك نۇغۇلغان كۈنۈم، ئۆگۈنلۈك-
كە سېنىك نۇغۇلعان كۈنۈك.

بالا: ھە، ئەسلىدە سىز مېنىڭدىن بىر كۈنلۈككىلا چوڭ
ئىكەنسىز - دە!

## ئورۇن بوشتىپ بېرىش

بوم كىجىككىنىلا دادىسىنىڭ بەرىيىسى بىلەن ئۆزد-
دىن حوڭلارعا ئورۇن بوسىت بېرىدىعان ئادەتنى بېنىل-
دۈرۈپتۇ. بىر كۈنى، ئانا - بالا ئىككىيلەن قىسنا -
قىستاك بىر ئاپتوبۇسقا حىقىپ قاپتۇ. بوم ئامالسىز داد-
سىنىك قۇحىقىدا ئولتۇرۇپتۇ. ئاپتوبۇس بىر بېكەتتە بوخ-
تىعاندا، بۇرۇر كىسىنگەن بىر خانىم حىقىپتۇ. توم دەر-
ھال ئورنىدىن تۇرۇپتۇ - دە، ئورنىنى كۆرسىتىپ:

— مەرھەمەت، ھۆرمەتلىك خانىم، مېنىڭ جايىمدا
ئولتۇرۇڭ! — دەپتۇ.

## ئورۇقلاش

بىر ئايال گىر ئۇسنىدە نۇرۇپ ئېرىگە دەپتۇ:

— سۆيۈملۈكۈم، قارىغا، ئىككى كىلوگرام ئورۇق-
لاپ كېتىپتىمەن.

— قەدىرلىكىم، سىز تېخى گىرىم قىلمىدىڭىز - دە!

## سىز كىم

مارك ياختسى كۆرگەن قىرىغا توي قىلىش تەكلىپىنى يۈزتۈرا دېيىشكە جۈرئەت قىلالماي، تېلېفون بېرىپ سو-راپ باقماقچى بوپتۇ:

— جېنىنى، مەن بەش مىليون دوللارلىق مىراسقا، بىر داچىغا، بىر پىكاپقا، يەنە بىر سەيلە كېمىسىگە ئىگە بولدۇم، ماڭا تېگەمسىز؟

— ئەلۋەتتە تېگىمەن، سۆيۈملۈكۈم، ئېيىتىڭا، سىز كىم بولىسىز؟!

## بىرنەچچە مىنۇت

تاماق ئېنىۋاتقان بىر ئايال ئېرىگە دەپتۇ.

— مەن قوشنىمىزنىڭكىگە چىقىپ كىرەي، بىرنەچچە مىنۇتتىلا يېنىپ كىرىمەن. سىز قازانغا قاراپ قويۇڭ، يېرىم سائەتتە بىر قېتىم ئېلەشتۈرسىڭىز بولىدۇ.

## چارچاپ كېتىش

ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال دوستىغا دەپتۇ:

— قارىغاندا، سەن بەك چارچاپ كەتكەندەك تۇرىسەن.

— راست دەيسەن! ئېرىم باتاقتا بېتىپ قالدى، مەن

كېچە ـ كۈندۈز ئۆيىڭغا قاراۋاتىمەن.

— ئېمىشقا سېستىرا تەكلىپ قىلمىدىڭلار؟

— ۋاي ئاداش، دەل بىر چىرايلىق، ياش سېستىرانى تەكلىپ قىلىپ قويغانلىقىمىز ئۈچۈن، مەن قاتتىق چار-چاپ كېتىۋاتىمەن.

## قايسىسى بىلەن توي قىلىسەن

«ئا» قىز: بۈگۈن بىر دوستۇم ماڭا بىر يىگىتنى تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ ئاكىسى كاتتا شىركەتنىڭ خوجايىنى ئىكەن، ئاغىسى چەت ئەلدە تىجارەت قىلىدىكەن. ئېيتقىن-ما، مېنىڭ توي قىلىشىمغا شەرتى توشامدىكەن؟

«ب» قىز: ھەقىقەتەن قالتىس ئىكەن! سىراق، سەن ئۇلارنىڭ قايسىسى بىلەن توي قىلماقچى؟

## شوپۇرى بار ماشىنا

بىر جۈپ قىز ـ يىگىت توپدىن كېيىنكى تۇرمۇشى توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ قاپتۇ.

— توپدىن كېيىن جوقۇم بىزنىڭ «سانتانا» ماركىلىق پىكاپ بولۇشى كېرەك، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ قىز.

— ھازىرقى ئىقتىسادىي ئەھۋالىمىز بۇنىڭغا يار بەرمەيدۇ. كېيىنرەك...

— ياق!

— ئەمىسە، — دەپتۇ يىگىت ئويلىنىۋېلىپ، — ئات كۆچى «سانتانا» نىڭكىدىنمۇ كۈچلۈك، يەنە تېخى شوبۇرد-مۇ بار ماشىنىمىز بولسا، سىز ئۇنى ياقتۇرامسىز؟
— ئەلۋەتتە ياقتۇرىمەن!
— ئەمىسە، گېپىمىز گەپ بولسۇن، بىز توپدىن كېيىن جوقۇم ئامىنۇى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرىدىغان بولىمىز.

## ئىسراپ قىلىشقا بولمايدۇ

روبىن ئەپەندى بوغالتىر ئىكەن. كەسپىنىڭ سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، ئۇ دائىم ئائىلىگە ئىقتىسادچىل بولۇش توغرىسىدا سۆزلەپ تۇرىدىكەن. كېيىن، ئۇ ئېغىر كېسەل بولۇپ، بالنىستىنا بېتىپ قاپتۇ وە سېستىرا ئەمەس، بەلكى ئائىلىسىنىڭ خەۋەر ئېلىشىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. بىر كۈنى، ئايالى بىر ئىسناكان سۈيۈق دورىنى ئېرىگە ئىچۈرمەكچى بولغانىكەن، روبىن ئەپەندى ئۇنىماپتۇ:
— ئىچمەيمەن! ئىچمەيمەن، دىدىم، ئىچمەيمەن! ئۇ جانىي ئالغۇدەك قىرتاق ئىكەن!
— لېكىن، قەدىرلىكىم، — دەپتۇ ئايالى، — سىز نۇيچە قىممەت باھالىق بۇ دورىنى ئىچمۇەتمەي ئۆلۈپ كەتسىڭىز بولمابدۇ - دە!

## سىنىڭ - مېنىڭ دېيىشمەسلىك

مەبخانىدا ئىككى ئەر كىشى هاراق ئىچىۋاتاتتى. بىر

چاغدا، ئۇلاردىن بىرى مەيخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا پاراڭلە-
شىپ ئولتۇرغان ئىككى ئايالنى كۆرۈپ قالدى - دە، يەنە
بىرىگە پىچىرلىدى:

— بىز كېتەيلى! ئايالىم بىلەن ئاشنام ئاۋۇ بۇلۇڭدا
ئولتۇرىدۇ!

ئۇ ئىشارەت قىلغان تەرەپكە قارىغان يەنە بىر ئەرنىڭمۇ
چىرايى تاتىرىپ كەتتى:

— غەلىتە ئىش! ئايالىم قانداق بولۇپ مېنىڭ ئاشنام
بىلەن تونۇشۇپ قالغاندۇ؟!

## «پاراۋانلىق»

بىر ساھىبجامال ئايال كاسسىر خىزمىتىدىن ئىستىپا
بېرىپتۇ. بۇ ئىش شىركەتنىڭكى جىمى ئەر خادىملارنى ئىنت-
ايىن بىئارام قىپتۇ. ئۇلار بىرەيلەننى ۋەكىل سايلاپ،
دىرېكتور بىلەن سۆزلىشىشكە ئەۋەتىپتۇ.

— خوجايىن، بىزنىڭ مائاشىمىزنى ئۆستۈرۈپ بې-
رىڭ! — دەپتۇ ۋەكىل.

— نېمىشقا؟ تېخى يېقىندىلا مائاشىڭلارنى ئۆستۈر-
گەنغۇ!

— ئۇ چاغدا، ئايال كاسسىر شىركەتتە بار ئىدى.

خوجايىن قاتتىق ھەيران بولغان ھالدا سوراپتۇ:

— سىلەرنىڭ مائاشىڭلار بىلەن ئۇنىڭ نېمە مۇناسىۋ-
تى بار؟

— نېمىشقا مۇناسىۋىتى بولمىغۇدەك، ئۇ دېگەن بىز-
نىڭ پاراۋانلىقىمىزنىڭ بىر قىسمى تۇرسا…

## يۆتەل

— دوختۇر، مەن بەك قاتتىق يۆتىلىپ كېتىۋاتىمەن.
— قانچە ياشقا كىردىڭىز؟
— ئاتمىشقا.
— ىىگىرمە ياش ۋاقتىڭىزدا يۆتىلىپ باققانمۇ؟
— ياق.
— قىرىق ياشتىچۇ؟
— ياق.
— ئەمىسە، ھازىر بۆتەلمەي، قاچان يۆتەلمەكچىدىڭىز؟!

## مەڭگۈلۈك مۇھەببەت

يىگىت: سۆيۈملۈكۈم، سىز مېنى راستىنلا مەڭگۈ ياخشى كۆرەمسىز؟
قىز: ئەلۋەتتە.
يىگىت: مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنچۇ؟
قىز: ئۇ...

## سىزدىن ئايرىلالمايمەن

پويىزدا، تونۇشمايدىغان بىر جۈپ قىز - يىگىت بىر ئورۇندۇقنا چاپلىشىپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ.

بىر دەمدىن كېيىن، قىز ئورۇن يۆتكەلگەنىكەن، يىگىتمۇ نەكلا بۆكىلىپتۇ. قىز ئاچچىقلىنىپ ۋارقىراپتۇ:

— نولا نوخۇ بوقىلىق قىلماي، يوقالسىڭىز چۇ!

— ياق، مەن سىزدىن ئايرىلالمايمەن! — دەپتۇ يىگىت خىر - خىر كۈلگىنىچە.

يولۇچىلار تۇشمۇتۇشتىن يىگىتنى ئەيىبلەپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا، يىگىت چۈشەندۈرۈپتۇ:

— ماڭا ئامال يوق. ئابا بۇ قىز ھەمىيشىمى ئىلمۇالدى. قاراڭلار، ھەممىشنىم ئۆيىك سومكىسىدا تۇرغىنى بىلەن، رەنجىرى بەلىياسامىغا ئىلىنغىلىق تۇرىدۇ. بۇ ئەھۋالدا مەن قانداقمۇ ئۇ قىزدىن ئايرىلالايمەن؟!

## مۇرەمنى تۇتسىڭىز مەيلى

قىسنا - قىساك ئاممۇى ئاپتوبۇسنا، بىر ئايال كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپ، بىر چىرايلىق قىزغا دېدى:

— ئاپئاي قىز، قولىڭىز تۇتقۇچقا يەتمىسە، مورەمنى تۇتۇۋالسىڭىز مەيلى، بىراق قولىڭىز يانچۇقۇمغا كىرىپ كەتمىسە بولاتتى…

## كىشىلەر كەينىمگە كىرىۋالدى

بىر قىز يىگىتكە تېلېفون بېرىپتۇ:

— ۋەي، شۇ ئاپتا مەن بەك قورقۇپ كېتىۋاتىمەن، تېلېفون بوتكىسىنىڭ سىرتىدا ئۇن نەچچە يىگىت ماڭا

قاراپ تۇرىدۇ.
— نېمىشقا؟
— مەن نەدىن بىلەي!
— قاچىلىك ۋاقىت بولدى؟
— بىر سائەتنىن ئاشتى!

## تېزرەك توي قىلايلى

بىگىت: سۆيۈملۈكۈم، تېزرەك توي قىلايلىچۇ!
قىز: نېمىگە ئالدىراىسىز؟ بىر ئوبدان يۈرۈۋاتامدۇق؟
يىگىت: ھەي ـ ي، ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن، ساۋاقداشلىرىم كەينى ـ كەينىدىن توي قىلىۋاتىدۇ، سىزدە چىقىملا بار، كىرىم يوق. بۇ ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتمىسەك بولامدۇ؟!

## كۆڭلى سوۋۇش

«ئا» قىز: سېنى مەردان بىلەن ئايرىلىپ كېتىپتۇ، دەپ ئاڭلىدىمغۇ؟
«ب» قىز: شۇنداق. ئۇنىڭغا كۆڭلۈم سوۋۇپ قالدىم.
«ئا» قىز: ئەمىسە، ئۇ ئالغۇ، تېلېۋىزور، ۋېلىسىپىتلارنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىپسەن ـ دە؟
«ب» قىز: ۋىيەي، نېمىشقا قايتۇرغۇدەكمەن؟ مەر-

داندىن كۆڭلۈم سوۋۇغىنى بىلەن، ئۇلاردىن كۆڭلۈم سو-
ۋۇپ قالمىسا!

## كىم باشقۇرمايدۇ، دەيدۇ

ساقچى يول ئوغرىلاپ يۈگۈرۈپ قالغان بىر قىزدىن سورىدى:

— بۇ ئىشنى قىلىشتىن ئىزا تارتمامسىز؟ ئاتا - ئانىڭىز سىزنى باشقۇرمامدۇ؟

— كىم باشقۇرمايدۇ، دەيدۇ؟ مەن ئوغرىلاپ كەلگەن پۇللارنى خەجلەي دىسەم، ئۇلار زادىلا خەجلىگىلى قويماي-دۇ.

## ئالتۇن زەنجىر يوقالغاندىن كېيىن

بىر قىز ئالتۇن زەنجىرىنى يوقىتىپ قويغاندىن كې-يىن، ئىلگىرى - كېيىن تۆت يىگىت ئۇنىڭغا ئالتۇن زەنجىر سوۋغا قىلىپتۇ. تۆتى كۆرگەن قىزنىڭ ئانىسى ئەنسىرىگەن ھالدا دەپتۇ:

— ئەگەر سەن، سىرىڭ نوقلاتقۇمىزمۇ بوقاپ كەت-سە، دېگەن بولساڭ، بەك ياخشى بولاتتىكەن!

## يەتۈرلۈك

— ماكا ئىنسەنگىن، قەدىرلىكىم.

— نېمىگە ئىشىنىمەن؟

— سۆيۈملۈكۈم، مەن ياك مۇھەببىتىمنى بىرلا ساڭا تەقدىم قىلغانمەن.

— ئەمىسە، ياك بولمىغانلىرىنى كىمگە تەقدىم قىلغان؟

## ۋاپادار ئايال

ئۈچ ئايال ئۆلگەندىن كېيىن، خۇدانىڭ دەرگاھىغا بېرىپ قاپتۇ. خۇدا ئۇلارنىڭ بىرىدىن سوراپتۇ:

— سەن ھايات ۋاقتىڭدا، ئېرىڭگە بىرەر قېتىم ۋاپاسىزلىق قىلىپ باققانمۇ؟

— بۇنداق ئىشنى ئىككى قېتىم سادىر قىلغان.

— ئەمىسە، ساڭا مىنىبۇستىن بىرنى بېرەي، — دەپتۇ خۇدا، ئاندىن ئىككىنچىسىدىن سوراپتۇ، — سەنچۇ؟

— مەن بىر قېتىم...

— ھە، چۈشەندىم، ساڭا ئادەتتىكى پىكاپتىن بىرنى بېرەي. سەنچۇ؟

ئۈچىنچىسى يىغلامسىرىغان ھالدا دەپتۇ:

— مەن ئېرىم بىلەن تونۇشقاندىن تارتىپ تا ئۆلگۈچە، ئۇنىڭغا بىرەر قېتىممۇ ۋاپاسىزلىق قىلىپ باقمىدىم.

— ياخشى! «بېنتس» ماركىلىق پىكاپ سېنىڭ بولسۇن!

يەكشەنبە كۈنى، ئۈچەيلەن ماشىنىلىرىنى ھەيدەپ سىرتقا چىقىپتۇ. بىر چاغدا، ئۇلار بىر تۆت كوچىغا يېتىپ كېلىشىگە، قىزىل چىراغ يېنىپتۇ. ئۇلار توختاپتۇ. تۇ-

نۇقسىز، ئېسىل سكابقا ئولتۇرغان ئايال يىغلاپ كېتىپتۇ.
— ھوي، ساڭا نېمە بولدى؟ — سوراپتۇ قالغان ئىككىسى.
— مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟ ھېلىلا ئېرىمنى كۆردۈم، ئۇ بىر زەنجىر تاپالىق تىراكتورنى ھەيدەپ كېتىدۋاتىدۇ…

## ئاغزى چىڭ ئايال

— ئاياللار مەخپىيەتلىكنى زادىلا ساقلىيالمايدۇ.
— بۇنداق بولۇشى ناتايىن! مانا، مەن ئايالىم بىلەن توي قىلغىنىمغا ئون يىل بولدى، بۇ جەرياندا ئۇ نۇرغۇن پۇل خەجلىدى، بىراق يا ھازىرغىچە پۇللارنى نەگە خەجلىگەنلىكىنى ئېيتقىلى ئۇنىمايدۇ.

## تەسەللى بېرىش

رىمىسان بىر قىش كۈنى، بىر ئايالنىڭ ساپ نەسىللىك پارس مۈشۈكى يوقاپ كېتىپتۇ. ئايال ئۇ يەر - بۇ يەرگە چېپىپ شۇنچە ئىزدىگەن بولسىمۇ، مۈشۈكىنى زادىلا تاپالماپتۇ. ئاخىر، ئۇ ساقچىغا تېلېفون بېرىپتۇ.
— چىدىيلەشمەڭ، خانىم، — دەپتۇ ساقچى مۇلايىم ئاھاڭدا، — مۈشۈك بەك چىدامىلىق ھايۋان، ئۇ بىر نەچچە كۈن قارلىق دالىدا قالسىمۇ، ھەرگىز ئۈششۈپ قالمايدۇ.
بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئايالنىڭ كۆڭلى خېلى تىنجىپ

قاپتۇ.

— توغرا دېدىڭىز، ساقچى ئەپەندى، — دەپتۇ ئۇ كولۇپ، — ئۇنىڭ ئۇستىگە، مۇشۇكۇم بەك ئەقىللىق، بەزىدە ئۇ ئادەملەر بىلەن پاراڭلىشالايدىغاندەكلا قىلىدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ — دەپتۇ ساقچى، — ئەمىسە، سىز نېمىشقا تېلېفون نۇرۇپكىسىنى قويۇپ قويمايسىز، بەلكىم ئۇ سىزگە تېلېفون بېرىشكە ھەرىكەت قىلىۋاتقاندۇ...

## ئۇنۇملۇك ئۇسۇل

— ئېرىڭىزنىڭ كېچىچە ئۆيگە قايتمايدىغان يامان ئادىتىنى قانداق تۈزەتتىڭىز؟

— بىر ئاخشىمى ئۇ بەك كەچ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن: «يوھانمۇسەن؟» دەپ توۋلىدىم، ئېرىمنىڭ ئىسمى جېك ئىدى...

## تۇغۇت بۆلۈمىدە

تۇغۇت بۆلۈمىدە، يەڭگىش ئالدىدا تۇرغان ئايال ئېرىگە دەپتۇ:

— ئەمدى سىزگە ئېيتاي، مەن قاپىقىمغا قات چىقارغان، بۇرنۇمنى ئېگىزلەتكەن، ئېڭىكىمنى ئوڭشاتقان. شۇڭا، بالىمىز ماڭا ئوخشىماي قالسا، ھەرگىز ھەيران بولماڭ.

ئېرى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپتۇ:

— كېرەك بوق، مەن بۇلارنى بۇرۇنلا بىلەتتىم.
مەسىۇ ساڭا ئېيتاي: مېنىڭ ئۆلگ كۆزۈم يالغان كۆز، چىشلىرىمنىڭ تولىسى يالغان...

## تىلەك

بىر جۈپ ئەر - خوتۇن كانتا سودا سارايىنىڭ «تىلەك تىلەش كۆلچىكى» يېنىغا كەپتۇ. ئايال تېزلىك بىلەن بىر تەڭگىنى چىقىرىپ كۆلچەككە تاشلاپتۇ - دە، جىممىدە تۇرۇپ تىلەك تىلەپتۇ. ئارقىدىن، ئېرىمۇ بىر تەڭگىنى كۆلچەككە تاسلاپ، كۆزىنى يۇمغىنىچە ئاغزىنى مىدىرلىتىپتۇ.

— قەدىرلىكىم، — دەپتۇ ئايال، — سىز نېمىنى تىلىدىڭىز؟

— مەن سەن تاپا تىلىگەن نەرسىنىڭ پۇلىغا چىقىش قىلالىسام بولاتتى، دېگەننى تىلىدىم.

## «ئىز قوغلاپ زەربە بېرىش»

بىر شىركەتتە ئىشلەيدىغان مارك ئەپەندىنىڭ مائاشى تاھايىتى يۇقىرى بولغىنى بىلەن، يانچۇقىدا بىر تىيىن يوق ئىدى. چۈنكى، ئائىلىسىنىڭ مالىيە ھوقۇقى ئايالىنىڭ قولىدا بولۇپ، مارك ئەپەندى ھەر قېتىم مائاش ئالغاندا، بىر تىيىنىمۇ بېرى - بېرى قىلماي ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر ئىدى.

بىر كۈنى، مارك ئەپەندى تولىمۇ خۇشال هالدا قاي-
تىپ كەلدى ـ دە، ئايالىغا:
— بەك ياخشى بولدى! پەرەز قىلىپ باققىنا، مەن
قانداق ئامەتكە يولۇقتۇم؟ هەرگىز ئويلاپ تاپالمايسەن،
ئۆزۈم ئېيتىپ بېرەي، لاتارىيە بېلىتىنىڭ مۇكاپاتلىق چې-
كىگە ئېرىشتىم، توپتوغرا بەش مىڭ دوللار!
— بەك ياخشى بوپتۇ! — دېدى ئايال فاتتىق خۇش
بولۇپ، بىراق بىردەمدىن كېيىن چىرايىدىن بۇلۇت ياغدۇ-
رۇپ سورىدى، — ئېيتقىنا، لاتارىيە بېلەتتى سېتىۋالغان
پۇلنى نەدىن تاپتىڭ؟

## فانتازىيىلىك رومان

بىر ئەر كىشى كۇتۇپخانىغا كىرىپ، ئىنتايىن ئەدەپ
بىلەن ئايال باشقۇرغۇچىدىن سوراپتۇ:
— خانىم، بۇ يەردە «ئاياللار ئەرلەرنىڭ خىزمەتكا-
رى» دېگەن كىتاب بارمىدۇ؟
ئايال باشقۇرغۇچى ئۇنىڭغا ئالىيىپ قارىغىنىچە بىر-
پەس تۇرۇپ كېتىپ، ئاندىن غەزەپ بىلەن ۋارقىراپتۇ:
— ئۇ بىر فانتازىيىلىك رومان ئوخشىمامدۇ؟ كەچۈ-
رۈڭ، بىزدە بۇنداق كىتاب يوق!

## بەك ياشىرىپ كېتىش

ئايال: سىڭىڭچە، مەن بۇنداق گىرىم قىلسام، ياشى-

رىپ كىسەمدىكەنمەن؟

ئەر: ۋاھ، ئاجايىپ ياشىرىپ كېتىدىكەنسەن، كەم دېگەندىمۇ ئون ياش!

ئايال: ئاران ئون ياش؟ ئەمىسە، مەن ئون بەش ياش ياشارتقۇدەك گىرىم قىلىۋالاي.

ئەر: بولدى قىلغىن، قەدىرلىكىم، بولدى! يەنە ئون بەش ياشارساڭ، بۈگۈن كەچ بىزنى كىنوخانىغا كىرگۈزمەيدۇ.

ئايال: نېمىشقا؟

ئەر: چۈنكى، بۈگۈن كەچتىكى كىنونى كىچىك بالىلار كۆرۈشكە بولمايدۇ!

## يېڭى ئىش

ئايال: قەدىرلىكىم، ئەتە مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم، مېنىڭ ئەزەلدىن قىلىپ باقمىغان بىر يېڭى ئىشنى قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ. ئېيتىڭا، نېمە ئىشنى قىلسام بولار؟

ئەر: قازان بېشىغا بېرىڭ، گۈزىلىم!

## قىل سىرتماق

بوھان ئەپەندىنى خوتۇنى بەك قاتتىق باشقۇرىدىكەن، ئۇ نەگىلا بارسا، خوتۇنىمۇ نەق بارىدىكەن.

بىر كۈنى، خوتۇنى ئانىسىنىڭكىگە كەتكەندە، بوھان ئەپەندى ئۆزى يالغۇز سەيلىگە چىقماقچى بوپتۇ. شۇنىڭ

بلەن، ئۇ كاستۇم - بۇرۇلكىسىنى كىيىپ، ئەينەككە قاراپ ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپتۇ، ئاندىن پۇلى بار - يوقلۇقىنى ئۇقۇپ بافماقچى بولۇپ قولىنى يانچۇقىغا سالغانىكەن، بىر پارچە قەغەز ئۇرۇنۇپتۇ. ئېچىپ قارىسا، خوتۇنىنىڭ بوچىركىسى بىلەن بېزىلغان بىر قۇر خەت تۇرغۇدەك: «سەن بۇنچە رەنلىك كىيىنىپ نەگە بارماقچىسەن؟»

## ئايالىمنى ئېلىپ كەلسەم بوپتىكەن

بىر سەھرالىق كىشى تۇنجى قېتىم شەھەرگە كېلىپ، بىر كاتتا سودا سارايىغا كىرىپتۇ. ئۇ كارىدوردا ھاڭۋېقىپ تۇرسا، بىر موماي بىر كىچىك ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ - دە، جىراغ سىر يورۇغاندىن كېيىن ئىشىك يېپىلىپ، موماي كۆزدىن غايىب بوپتۇ. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن، لىفت يەنە ئەسلىدىكى جايىدا نوختاپ ئىشىكى ئېچىلىشى بىلەن، چىرايلىق بىر قىز چىقىپتۇ.

ھېلىقى كىشى كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە، ئىختىيارسىز سۆزلەپ كېتىپتۇ:

— باپىرىم، ماۋۇ كارامەتنى! بۇنداق ئىشنىڭ بارلىقىنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام، كەمپىرىمنىمۇ ئالغاچ كېلەر ئىكەنمەن.

## بەلنىڭ توملۇقى

بىر ئەر ئابالىغا ئىنسان سېتىۋالماقچى بوپتۇ. ئايال

بىركازچىك سورابتۇ:
— ئايالىڭىزنىڭ بېلى قانچىلىك بار؟
ئەر كىشى بىرنېمە دېيەلمەي تۇرۇپ كېتىپ، ئاندىن
دەپتۇ:
— بۇنى بىلمەيدىكەنمەن، بىراق بىزنىڭ ئۆيدە يىگىر-
مە توققۇز دىيوملۇق تېلېۋىزور بار، ئايالىم تېلېۋىزورنىڭ
ئالدىدا تۇرسا، ئۇنىڭ ئېكرانىنى پۈتۈنلەي توسۇۋالىدۇ.

## مۇھەببەتلىشىش سۈرئىتى

بىر فرانسىيىلىك بىلەن بىر ئامېرىكىلىق مۇھەببەت-
لىشىش توغرىسىدا پاراڭلىشىپ قاپتۇ.
فرانسىيىلىك: بىزنىڭ دۆلەتتە، يىگىت قىزغا مۇ-
ھەببەت بەگلىيى قويغاندا ئىنتايىن ئەدەپلىك بولىدۇ. مۇ-
ھەببەت جوڭقۇرلىشىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندە، ئاندىن
يىگىت قىزنىڭ بارمىقىنىڭ ئۇچىغا، ئاندىن كېيىن قولى،
قۇلىقى، بوينىغا سۆيۈشكە باشلايدۇ.
ئامېرىكىلىق: ۋاي - ۋۇي، نېمىدېگەن ئېزىلەڭگۇ-
لۇك بۇ! بىزنىڭ ئامېرىكىدا بولسا، ئۇلار شېرىن ئاينى
ئۆتكۈزۈپ قايتىپ كېلىپ بولغان بولاتتى.

## چىش دوختۇرىنىڭ ئايالى

ماشا ھامىمام ئەللىك ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ،
نىخىچە توي قىلمىغانىدى. يېرىم يىلنىڭ ئالدىدا، ئوتتۇرا

ياشلىق بىر چىش دوختۇرى بىزنىڭ بازارغا كۆچۈپ كەل-
دى- دە، ماشا ھامامغا كۆڭلىنى ئىزھار قىلىشقا باشلى-
دى. سۆيداق قىلىپ، ئۈچ ئاي بولا - بولمايلا، ئۇلار توي
قىلىشىۋالدى. بۈگۈن، تۇيۇقسىز ھامام ئىشىك ئالدىمىزدا
پەيدا بولۇپ قالدى.
— چىشىم ئاغرىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ ئاپامغا، —
قوشنا بازارغا بېرىپ چىشىمنى كۆرسىتىپ كېلەي دەپ
ماڭدىم.
— نۇ نېمە دېگىنىڭ ئەمدى؟! — دېدى ئابام ھەيران
بولۇپ، — ئۆزۈڭنىڭ ئېرى چىش دوختۇرى تۇرسا، باشقا
جىس دوختۇرىنى ئىزدەپ ماڭغىنىڭ نېمىسى؟
— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى ماشا ھامام ئوڭايسىزلان-
غان ھالدا، — بىراق، كىشىلەردىن ئاڭلىسام، ئاتىنىڭ
چىشىغا قاراپلا ئۇنىڭ يېشىنى بىلگىلى بولىدىكەن. ئېرىم
مېنى نېمىچە قېرىق ئىككى ياشتا، دەپ يۈرىدۇ…

## كۆتۈلمىگەندە

مودا كىيىملەر ماگىزىنى ئالدىدا، جىرابىدىن تاقە-
سىزلىك ئالامىتى بىلىنىپ تۇرغان بىر ئەر كىشى كېلىش-
كەن بىر قىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بەردى:
— ياخشىمۇسىز، خانقىز، بىر ئۆتۈنۈشۈم بار: سىز
ماڭا بىرنەججە ئېغىز گەپ قىلالارسىزمۇ؟
— نېمىشقا؟ — قىز شۆبھىلەنگەن ھالدا سورىدى.
— باشقىچە ئويلاپ قالماڭ! خانىمىم ماگىزىنغا كى-
رىپ كەتكىلى خېلى ئۇزاق بولدى، تېخىچە چىقمايۋاتىدۇ.

ئەگەر ئۇ مېنىڭ سىز بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغانلىقىمنى كۆرسە، دەرھال قايتىپ چىقاتتى...

دەرۋەقە، ئەرنىڭ گېپى ئاياغلاشماي تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئايالى ماگىزىندىن ئېتىلىپ چىقتى.

## دەلللەش

فرېد ئاشخانىدا قاچا يۇيۇۋاتقاندا، تېلېفون جىرىڭلىدى. ئۇ تۇرۇپكىنى قولىغا ئېلىپ:

— مارى يۇيۇنۇۋاتىدىغۇ دېمەن، توختاپ تۇرۇڭ، مەن قاراپ باقاي، — دېدى ۋە ئىسسىق سۇ جۈمەكى بۇرىدى. سىرتتىنلا، چىرقىراق ئاۋاز ئاڭلاندى. فرېد جۈمەكنى ئېتىپ قويۇپ دېدى:

— توغرا دېسەم، ئۇ يۇيۇنۇۋېتىپتۇ.

## بەتخەجلىك

بىر ئەر ئايالىنىڭ پۇل خەجلەشتە بەك بەتخەجلىك قىلىۋاتقانلىقىدىن ئاغرىنىپتۇ.

— سەن نېمە دېمەكچى، مېنى بەتخەجلىك قىلىۋاتىدۇ، دەمسەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ ئايالى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — مەن ھەربىر تىيىن پۇلنى مۇشۇ ئائىلە ئۈچۈن ئىشلىتىپ كېلىۋاتىمەن، قالايمىقان پۇل خەجلەيدىغان ئادەم — ئۆزۈڭ!

— نېمىگە قالايمىقان پۇل خەجلەپتىمەن؟

— مەسىلەن، ئاۋۇنى دەيلى، — ئايال ئوت ئۆچۈرۈش ئەسۋابىنى كۆرسىتىپ، — سەن ئۇنى ئالغىلى ئىككى يىل بولدى، بىراق سىز بىر قېتىممۇ ئىشلىتىپ باققىنىمىز يوق.

## كىمنىڭ توغرا

بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن ئۇرۇشۇپ قالغاندىن كېيىن، ئەر دەپتۇ:

— ئېسىڭدە بولسۇنكى، ھەرقانداق چاغدا، ئەر كىشىنىڭ ئويلىغىنى توغرا، ھۆكۈمى خاتاسىز بولىدۇ، ئايال كىشىنىڭ بولسا، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ!

— توغرا ئېيتتىڭ، سېنىڭ مېنى خوتۇنلۇققا تاللىغىنىڭ مۇتلەق توغرا بولغان، مېنىڭ سىنى ئەرلىككە تاللىغىنىم بولسا، چوڭ خاتالىق بولغان!

## مۈشۈككىمۇ يېتەلمەسلىك

ماپلى خانىم سەبەرگە چىقماقچى بولۇپ، ئېرىگە ئۆيدىكى ئىككى مۈشۈككە قاراپ قويۇشنى تاپىلاپ قويماقچى بوپتۇ. ئادەتتىكى چاغلاردا، ئۇ بۇ مۈشۈكلەرنىڭ ھالىدىن ئۆزى بىر قوللۇق خەۋەر ئالىدىكەن.

— قەدىرلىكىم، — دەپتۇ ماپلى خانىم ئېرىگە، — مۈشۈككە تاماق بەرگەندە، سىز بولمىغانىڭ ئۇلۇق تەرەپتىكى قاچىغا، كوسىپرزانى سول تەرەپتىكى قاچىغا سېلىپ بې-

ريلك. چۈنكى، ئۇلار مۇشۇنداق غىزالىنىشقا ئادەتلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، كالا سۈتى بىلەن سۈيى مەخسۇس قاچىلار-غا قۇيۇپ بېرىلىدۇ.

ئاپالىنىڭ نوچىماي ۋابلادىسىدىن تاقىتى ناق بولغان مايلى ئەپەندى خوتۇنىدىن سورابتۇ:

— سەن قەدىردان مونسوكلىرنىڭ غىزالىنىشنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدۇڭ، ئەمدى قەدىناس ئىرىڭ-نىڭكىنى قانداق قىلماي دەۋاتىسەن؟

## نۆۋەت ماڭا كەلدى

سالوين جانىم كىبلىسكەن ئاپال ئىدى. بىر كۈنى، ئۇ نۆۋەت كوچىغا چىقىپ كەلگەندە، ماشىنىسىدا ئولتۇرۇپ بېسىل جىراغىنىڭ يېشىلى كۆيۈۋاتقان ئوغلى جېكى كۆ-رۈپ قالدى. سالوين ئامراق ئوغلىنىڭ يېنىغا كەلدى-دە، ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى. بۇ جاغدا، بېسىل جىراغ ياندى، جېك ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېتىپ قالدى. ئارقىدىن يېتىپ كەلگەن نۆۋەت ماشىنىسىنىڭ شوپۇرى كا-بىنكىدىن بېشىنى چىقىرىپ، سالوين خانىمغا قاراپ توۋلى-دى:

— قەدىرلىكىم، ئەمدىكى نۆۋەت ماڭا كەلدى!

## ئېيتىدىغاننى ئېيتىۋەتتىم

مارىيىنىڭ ئېرىنىڭ كارىۋاتقا چىقىپ ئۇخلاشنىن بۇ-

رۇن بىرھازاغىچە كوتۇلدايدىغان ئادىتى بار ئىدى. مارى ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن بەكمۇ بىزار ئىدى.
بىر ئاخشىمى، ئېرى بەبە بىرمۇنچە كونۇلدىغاندىن كېيىن، مارىدىن سورىدى:
— ئۆبىنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېسىۋەتتىڭمۇ؟
— قـەدىرلىكىم، — دېدى مـارى تەمكىنلىك بىلەن، — سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن باشقا، بۇ ئۆيدىكى ئەتكىلى بولىدىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېتىۋەتتىم!

## دەپتەردە ھەممىسى بار

ئەر: ماڭا تېلېفون نومۇرىڭىزنى ئېيتىپ بېرىشنى خالامسىز؟
ئايال: تېلېفون دەپتىرىدە بار.
ئەر: بەك ياخشى بولدى! ئۇنداقتا، سىزنىڭ ئىسمىڭىز؟
ئايال: بۇمۇ تېلېفون دەپتىرىدە بار.

## توينىڭ ئالدى - كەينىدە

ئاياللار:
تويلىنىشتىن بۇرۇن، قارلىغاچقا ئوخشايدۇ، قاچاق ئۇچقۇسى كەلسە، شۇنداق ئۇچىدۇ.
تويلاشقاندىن كېيىن، كەپتەرگە ئوخشايدۇ، ئۇچالاي-

دۇ، سىراق يىرافلارغا ئۇجۇشقا جۇرئەت قىلالمايدۇ.
نوبدىن كىبىن، ئۆردەككە ئوخسايدۇ، ئۇچقۇسى كې-
لىدۇ، سىراق ئارمانغا يۇشلۇق دەرمانى قالمايدۇ.
ئەرلەر:
نوبلىششىن نۇرۇن، بەۋرىگە ئوخشايدۇ، نىمە دې-
سەڭ مافۇل دەيدۇ.
توبلانشقاندىن كېيىن، ئوغۇلغا ئوخشايدۇ، تاكاللى-
شىشنى ئۆگىنىدۇ.
نويدىن كېيىن، ئاتىغا ئوخسايدۇ، يۇيرۇق قىلىشقا
ئامراق بولىدۇ.

## نومۇس قىلىش

ئەر. سىمە قىلغىنىڭ بۇ؟ سېنىۋالغان كۆڭلىكىڭ
ماڭا كەلمىدى، ئۇنىڭغا مېنىڭدەك ئادەمدىن ئىككىسى پې-
تىپ كەتكۈدەك.
ئايال: بۇنى بىلىمەن، قەدىرلىكىم. سىراق، مېنىڭ
نىكازجىك ئايالغا ئېرىنىشىك ئورۇۋ، ۋىجىك ئادەم ئىكەن-
لىكىنى بىلدۈرگۈم كەلمىدى…

## كاتتا تەلەي

يىگى توي قىلغان بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن بىر بىنانىڭ
قانچىنچى قەۋىتىدىن ئۆي ئىجارە ئېلىشنى تالىشىپ قاپتۇ.
ئەر بىرىنجى قەۋەتنە تۇرايلى، ئالدى گۈللۈك ئىكەن،

دەيدىكەن. ئايال بولسا، ئىككىنچى، ئۈچىنچى قەۋەتلەرگە كۈن نۇرى تولۇق چۈشىدۇ، ھاۋاسىمۇ ساپ بولىدۇ، دەيدىكەن.

ئاخىر، ئۇلار ئىككىنچى قەۋەتنى تاللاپتۇ.

ئۇلار توي تەنتەنىسى شەرىپىگە كەچلىك زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپتۇ. ئەر مۇزىكا ئەترىتىنىڭ دۇمباقچىسى ئىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ دوستلىرى جىمى سازلىرىنى ئېلىپ كەپتۇ. ياڭراق مۇزىكا ساداسى ئىچىدە، ساھىبخان ۋە مېھمانلار تانسا ئويناپتۇ، ناخشا ئېيتىپتۇ، ئىنقىلىپ بىنانى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىپتۇ.

كېچە سائەت بىرلەردە تېلېفون جىرىڭلاپتۇ. ئايال ساھىبخان تېلېفوننى ئېلىپ سۆزلەشكەندىن كېيىن، مەغرۇر قىياپەتتە ئېرىگە دەپتۇ:

— قەدىرلىكىم، بىز بىمىدىگەن تەلەيلىك، ھېلىمۇ ياخشى، سىز مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىغىنىڭىز بوپتۇ. مانا قاراڭ، بىرىنچى قەۋەتتىكىلەر تېلېفون بېرىپ، ۋاراڭ - چۇرۇڭدا ئۇخلىيالمىدۇق، دەيدۇ!

## كاللام ساقايدى

ئايال: تويدىن بۇرۇن مېنى بەرىسەم، دەيدىغانلىقىڭ يادىڭدىن چىقىپ قالمىغاندۇ؟

ئەر: يادىمدا.

ئايال: ھازىر نېمىشقا ئۇنداق دېمەيسەن؟

ئەر: چۈنكى، سۆيۈملۈكۈم، ھازىر مېنىڭ كاللام خېلى جايىغا چۈشۈپ قالدى.

## بۇ نېمە گەپ

ئەر. بېشىڭ بىمانچە يوغىناپ كەتتى سېنىڭ؟ ماڭا بىر ئېغىز مەسلىھەتمۇ سالماي، چېچىڭنى كەستۈرۈۋېتىپسەن، بۇ قانداق گەپ؟

ئايال. سەنمۇ مەندىن مەسلىھەت ئالماي تاقىر باش بولۇۋابسەن، بۇچۇ، بۇ قانداق گەپ؟

## ئاچچىقلىنىشنىڭ سەۋەبى

بىر ئايال قوشنا ئايالدىن سورابتۇ:

— ئاحسام ئېرىڭىز سىزگە ئەجەبمۇ قاتتىق ۋارقىراپ كەتتىما؟

— ئۇ ئۆيىمىزدىكى ئاخىرقى ئازراق پۇلنى نەگە ئىشلەتكەنلىكىمنى ئېيتمىغىنىمغا خاپا بولۇپ كەتتى.

— ئەمىسە، بۈگۈن ئەتىگەن يەنە نېمىگە ئۈنچىۋالا ئاچچىقلىدى؟

— چۈنكى، مەن پۇلنى نەگە ئىشلەتكەنلىكىمنى ئۇنىڭغا ئېيتقانىدىم.

## ئەجرى بىكار كېتىش

— ئېرىم ماڭا ئازراقمۇ قىزىقمايدىغان بولۇپ قالدى، — دەپتۇ جېنىنى دوستى رۇسسىيىغا دەردىنى ئېيت-

تىپ، — ئەتىگەندىن كەچكىچە تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇر-
غىنى ئۆلتۈرغان!
— ئۈزۈكنى تۈزەشتۈرۈپ تاققىن، چوقۇم تۈزۈك ئۈ-
نۈمى بولىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ رۇسسى.
ئەتىسى كەچتە، جېنىسى ئۆزىگە ئەڭ ياخشى ئەتىرى
چېچىپ، شلەپە، ئاياغ، پەلەيلىرىنى كىيىپ، سومكىسى-
نى كۆتۈرۈپ، ئۆيدە ئۇيان - بۇيانغا مېڭىپتۇ. بىراق،
ئېرى تېلېۋىزوردىن كۆزىنى ئۈزمەپتۇ. جېنىسى قەستەن
كېكىردىكىنى قىرغاندەك، ئېرى بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا لاپپىدە
قاراپتۇ - دە:
— ھوي، سىرتنى ئايلىنىپ كىرمەكچىمۇسەن؟ —
دەپ سوراپتۇ.
— ئەلۋەتتە!
— ئەڭ ياخشى بولدى! بىر پارچە خەت بار ئىدى،
شۇنى پوچتا ساندۇقىغا تاشلىۋەتكىنە!

## ئۇزۇن چاچ قويۇشنىڭ سەۋەبى

بىر قىز يەنە بىر قىزدىن سوراپتۇ:
— ھېچ چۈشەنمىدىم، مۇشۇ كۈنلەردە نېمىشقا ئەر-
لەر ئاياللارنىڭكىدەك ئۇزۇن چاچ قويۇۋالىدىغان بولۇۋال-
غاندۇ؟
— بۇنىڭ چۈشەنمىگۈدەك نەرى بار؟ ئەگەر سۆيگە-
نى ياكى ئايالى ئۇلارنىڭ كىيىمىدىن ئۇزۇن چاچى تېپى-
ۋالسا، ئۇلار كۈلۈپ تۇرۇپ: «بۇ مېنىڭ چېچىم!» دېيە-
لەيدۇ - دە.

## بۇنىڭ ھاجىتى يوق

پېتىر: سىزنىڭ پىكرىڭىزنى ئاڭلاپ باققۇم بار، يوھان، مەن ئۇ قىزنى ئۈچ قېتىم ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدۇم، ئىككى قېتىم ماروژنى بىلەن مېھمان قىلدىم، بىر قېتىم كىنوغا ئاپاردىم... ئېيتقىنا، بۈگۈن كەچ ئۇنى سۆيۈپ قويسام بولارمۇ؟

يوھان: مېنىڭچە، بۇنداق قىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى سەن كۆكلۈكنى بېرەرلىك ئىپادىلەپ بولدۇڭ!

## خەتەردىن كېيىن

نەيسىن ئەپەندى بىر كۈنى ماشىنىنى ھەيدەپ، خوتۇنىمى ئېلىپ دالا سەيلىسىگە چىقىپتۇ. يۇمۇر بولىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ماشىنىسىنىڭ ئوتى ئۆچۈپ قاپتۇ، يىراقتىن بولسا، بىر بوسر بۇنافقا قاراپ كېلىۋاتقانمىش.

ئايالى چىرقىرىغىنىچە، ماشىنىدىن چۈشۈپ چېتىمىرى ئەبقاچالى، دىسە، نەيسىن ئەپەندى:

— سەن مېنى جىددىيلەشتۈرمەي بىردەم جىم ئولتۇرۇپ بەرسەڭ، ماشىنىنى بىر ئامال قىلىپ قوزغىتالايمەن! — دەپتۇ.

بىردەم ھەپىلەشكەن بولسىمۇ، ماشىنا يەنىلا ئوت ئالماپتۇ، بوسر بولسا، بارغانسېرى يېقىنلىشىپ قاپتۇ. نەيسىن ئەپەندىنىڭ ئايالى ئاخىر ھېچنېمە بىلەن كارى بولماي

ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ - دە، ئۆزىنى بىر چەتكە ئېتىپتۇ.

پويىز ماشىنىغا يېقىنلىشىپلا قاپتۇ. بۇ چاغدا، تەيسىن ئەپەندى تۇيۇقسىز توۋلاپتۇ:

— سارى، ئەگەر مەن ئۆلۈپ كەتسەم، ئېسىڭدە بولسۇن، بىخەتەر ئىشكاپىنىڭ ئاچقۇچى مېنىڭ كىتابخانامدىكى «شېكىسپىر تاللانما ئەسەرلىرى» نىڭ كەينىدە...

پويىز دەل ۋاقتىدا تورموز قىلىنغانلىقتىن، تەيسىن ئەپەندى ئامان قاپتۇ. ئۇ دەم ماشىنىسىغا، دەم پويىزغا قارىغىنىچە، ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپتۇ:

— ماۋۇ قاملاشمىغان ئىشنى كۆرۈڭ، ئەمدى ئاچقۇچنى تىقىپ قويىدىغان يېڭى جاينىڭ غېمىنى قىلمىسام بولمىدى...

## ئىككى لايىھە

ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش يامان يېرىگە چىققاندا، ئەر:

— ياﺋاللا، يەنە قاچانغىچە جاۋۇلداپ توختىمايسەن؟ بولدى قىلساڭچۇ! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— بۇ ئۇرۇشنى توختىتالايدىغان ئىككىلا لايىھە بار. ئۇنىڭ بىرى، ئىككىمىز مېنىڭ قىلغىنىمنىڭ توغرىلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك.

— يەنە بىرىچۇ؟

— يەنە بىرى، ئىككىمىز سېنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك.

## ۋاقىت خاتىرىلىگۈچنى ئېتىۋېتىڭ

ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ئولتۇرغان تاكسىنى بىر ئاپتوبۇس سوقۇۋېتىپتۇ - دە، ئەر كىشى قاڭقىپ چىقىپ پىيادىلەر يولىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ قاتتىق يىقىلغانلىقىدىن ئورنىدىن تۇرالماي قاپتۇ.

تاكسى شوپۇرى يارىلانماپتۇ. ئۇ ھېلىقى كىشىنىڭ يېنىغا كېلىپ سوراپتۇ:

— مەن سىزگە قانداق ياردەم بەرسەم بولار؟

ئەر كىشى ئىڭراپ تۇرۇپ دەپتۇ:

— بىر، بىر بىرىپ ۋاقىت خاتىرىلىگۈچىڭىزنى ئېتىۋېتىڭ!

## ئەسەر

ئابال: توي قىلغىنىمىزغا بىر نەچچە ئاي بولدى، مەن بىرەر پارچە ئەسىرىڭىزنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىنى كۆرمىدىمغۇ؟

ئەر: مېنىڭدە يېزىقچىلىق قابىلىيىتى بولمىسا، ئېلان قىلغۇدەك ئەسەر نېمە قىلسۇن؟

ئابال: جورا ئىزدەش ئېلانىڭىزدا، ئۆلكە دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا نۇرغۇن ئەسەرلىرىم ئېلان قىلىنغان، دەپتىكەنسىزغۇ؟

ئەر: هە، ئېلان دېگەن شۇنداق بولىدۇ ـ دە!

## ھەقسىز نىكاھتىن ئاجرىشىش

دانىي خانىم: جېننى، ئاڭلىشىمچە ئېرىڭدىن ئاجرى- شىپ كېتىپسەن، ئاجرىشىش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەشكە ئاران بىر ھەپتىلا ۋاقىت كېتىپتۇدەك. سەن ئادۋوكاتقا نۇرغۇن پۇل بەرگەن ئوخشابسەن ـ ھە!

جېننى: ئەدىكىنى، بىر تىيىنمۇ بەرمىدىم.

دانىي خانىم: نېمىشقا؟

جېننى: چۈنكى، ئاشۇ ئادۋوكات مېنىڭ بولغۇسى ئېرىم بولۇپ قالدى.

## پىئانىنونىڭ پايدىسى

«ئا» ئايال: قىزىم پىئانىنو ئۆگىنىپ، ماڭا ئامەت ئېلىپ كەلدى.

«ب» ئايال: قانداق ئامەت؟

«ئا» ئايال: قىزىم ھەر كۈنى پىئانىنونى چېلىۋەر- گەندىكىن، قوشنام ئۆيىنى ماڭا يېرىم باھادا سېتىپ بې- رىپ كۆچۈپ كەتتى.

## يەنە بىر بالا كىمنىڭ

«ئا» ئايال: ئاڭلىسام، سەن توي ئىشىڭنى بىكار

قىلىسەنغۇ؟
«ب» ئايال: سۇنداق.
«ئا» ئايال: بىگىمنىڭ حېلى نۇرۇك ئادەمدەك قىلىنۋا-
تاتىنغۇ؟
«ب» ئايال: تايىنلىق ئىكەن! بىر كۇنى سەيلە قىلى-
ۋاتساق، بول نويىدا بىر پالچى ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا پال
ئاچقۇزسام: «سىز ئىككى پەرزەنت كۆرىدىكەنسىز» دېدى.
ئۇنىڭغا نال ئېچىپ: «ئەنەدى، سىز ئۈچ پەرزەنت كۆر-
گۇدەكسىز» دىدى. ئوبلاپ باقسا، ھېلىقى ئۈچىنچى بالا
كىمنىڭ بالىسى؟ نۇنداق ئادەم بىلەن نوي قىلغىلى بولام-
دۇ؟

## چۇش

بىر جۇپ ئاشىق - مەشۇقلار باغچىدا سەيلە قىپتۇ.
يىگىت: مەن ھەر كۇنى چۇشۇمدە، خۇددى دادامغا
ئوخشاش ھەر ئايدا بەش مىڭ يۇەن پۇل ئاپقۇدەكمەن.
قىز: دادىڭىز راستىنلا ھەر ئايدا بەش مىڭ يۇەن
كىرىم قىلامدۇ؟
يىگىت: ياق، ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش چۇش كۆرىدۇ.

## سەنمۇ ماڭا تەئەللۇق

بىر جۇپ ئەر - خوتۇن ئۇرۇشۇپ قېلىپ، بىر -
بىرىگە زادىلا بول قويماپتۇ. سەبراسى قىرىق گەز ئۆرلە-

گەن ئەر ئاخىر ۋارقىراپتۇ:
— ئۆزۈڭگە تەئەللۇق نەرسىلەرنى ئېلىپ ئۆيدىن يو-
قال!
ئايال ئامالسىز نەرسە - كېرەكلىرىنى بىر چامادانغا
قاچىلاپتۇ، ئاندىن بىر تاغارنى ئېرىنىڭ بېشىغا ئېيىپتۇ:
— تاغارغا كىر!
— نېمە دېگىنىڭ بۇ؟
— سەنمۇ ماڭا تەئەللۇق، سېنىمۇ ئېلىپ كېتىمەن!

## چۈپەي ساھىبخان

مېھماندارچىلىقتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، بىر ئايال
ئېرىگە ساھىبخانىنى سىللاپ بېرىپتۇ:
— ئەجەب چۈپەي نېمىكەن ئۇ! مېنى ئۆزىنىڭ چىنە-
قاچىلىرى كۆزى مەندە، بىر كۆزى سومكامدىلا قالدى.
— سومكاڭدا نېمە بار ئىدى؟
— داستىخاندىن ئېلىۋالغان قەنت - گېزەكلەردىن
باشقا، يەنە نېمە بولاتتى!

## ئايال جاسۇس

ساھىبجامال ئايال جاسۇس چەت ئەلدىن ئۆز ئەلىگە
قايتىپ كېلىپ، باشلىقىغا دوكلات قىپتۇ:
— مەن دۈشمەن گېنېرالىنىڭ ئەڭ يېڭى ھۇجۇم
پىلانىنى قولغا چۈشۈردۈم. يەنە تېخى ئۇنىڭ ئوغلىنىمۇ

ئەسىرگە ئېلىنىۋالدىم.

— دىاھابىىى بىاخسى! — دەپىتۇ دىاشلىق خۇش بولۇپ، — ئۇنىڭ ئوغلى قەيەردە؟ بىر ئۇنى دەرھال سو- راق قىلايلى.

— ھازىرچە، بۇ مۇمكىن ئەمەس، — دەپتۇ ئايال جاسۇس ھىجىل بولغان قىياپەتتە، — ئۇ تېخى قورسىقىم- دا، بەنە توققۇز ئاي ساقلىشىڭىز كېرەك.

## سوپۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاياللىرى

بىر ئاخشىمى، بىرنەچچە شوپۇر ئاياللىرى بىلەن رېستورانغا بېرىپتۇ. ئۇلار قايسى ماركىلىق ماشىنىنىڭ ياخشىلىقى، قەيەردە ماشىنا رېمونت قىلدۇرسا بولىدىغانلى- قى دىگەندەك مەسىلىلەر ئۈستىدە پاراڭلىشىۋېرىپ، ئايال- لىرىنىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇۋېتىپتۇ. ئاخىر، بىر سوپۇرنىڭ ئايالى باقەت قىلالماي دەپتۇ:

— ئوھۇس، ماشىنىنىڭ گېپى بولمىغۇدەك كەپسى! سىلەر ئۇچراسقاندا پەقەت ماشىنىنىڭلا گېپىنى قىلامسى- لەر؟

— ياق، سىلەر يوق ۋاقىتتا، بىز ئاياللارنىڭلا گېپى- نى قىلىشىمىز.

## ئىنكار قىلىش

قىرىپ بولغاپ كەلگەن بىر ئابا دەپتۇ:

— بالام، ھوشناكئنىڭ دېيىشىچە، ئەر - خوتۇن ئىك-
كىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى باختسى ئەمەس ئىكەن، ئۆتكەن
ھەپتىدە قاتتىق ۋارقىرىشىپ كېتىپسىلەر...
— ئۇنىڭ قۇرۇق گېپىگە قۇلاق سالما، ئاپا. بىزنىڭ
گەپلەشمىگىنىمىزگە ئىككى ھەپتە بولغان تۇرسا، قەدىكى
ۋارقىرىشىش ئىكەن ئۇ؟!

## ئانىنىڭ چىۋەرلىكى

قىز. ھەي - ي، مۇھەببەتنىڭ ئوت كوچىسىدا يې-
ڭىرقاپ تۇرۇپ قالدىم، قانداق قىلسام بولار؟!
ئانا: كوچىنىڭ چېتىدە بۇرغۇچە، ئوتتۇرىسىدا تۇرۇ-
ۋالساڭ بولمىدىمۇ!
قىز: نېمە ئۈچۈن؟
ئانا: بۇنداق قىلساڭ، ھەممىلەن سېنىڭ قوماندانلى-
قىڭغا بويسۇنىدۇ - دە!

## ئەزمەڭنى ئەزمە

رايموند ئاز گەپ قىلىدىغان ئادەم ئىدى. بىر ئاخشى-
مى، ئايالى ئۇنىڭغا دېدى:
— توي قىلغىنىمىزغا شۇنچە يىللار بولدى، سەن ماڭا
بىرەر ئېغىز تاتلىق گەپ قىلىپ باقمىدىڭ. بۈگۈن ئۇخ-
لاشتىن بۇرۇن ماڭا شۇنداق گەپتىن بىرنى قىلىپ باققى-
نا!

— نېمە دەيمەن؟
— مەسىلەن، سەن، خەيرلىك كەچ، مېنىڭ بالىلىقىم، دېسەڭ بولىدىغۇ.
— مافۇل، خەيرلىك كەچ، مېنىڭ بالىلىقىم.
— يەنە سەن، مېنىڭ ئەڭ - ئەڭ قىممەتلىك گۆھىرىم، دېسەڭ بولىدۇ.
— ھە، مېنىڭ ئەڭ - ئەڭ قىممەتلىك گۆھىرىم.
— ئەمدى ئۆزۈڭ بىر گەپنى ئويلاپ دەپ باقمىن، مەن خۇش بولۇپ قالاي.
— ئەرمەكنى ئىبرىنۇەرمە، خوتۇن، ئەمدى ئۇخلايلى!

## دەريادىكى ماشىنا

بىر ئايال سىغلاب تۇرۇپ ئېرىگە تېلېفون بېرىپتۇ:
— چاقفان كېلىڭ، ماشىنىمىزغا سۇ كىرىپ كېتىۋاتىدۇ.
— ماشىنىنى بۇيۇگۈن يەكشۇرنىكىسىمدە بىر ئوبدان يۇرانىدى، قانداق بولۇپ سۇ كىرىپ كېتىدۇ؟ — دەپتۇ ئېرى ھەيدىبىلەشكەن ھالدا، — ماشىنا ھازىر قەيەردە؟
— دەريادا!

## كەچۈرۈڭ، قەدىرلىكىم

قىرىق يەشە بىر كىچە ئۆيگە كەلمەپتۇ. ئەتىسى سەھەردە ئۆيگە كىرىشىگە، زادىلا چىدىغۇچىلىكى قالمىغان ئايالى

ئاخشام تەييارلاپ قويغان كالتەك بىلەن بېشىغا بىرنى سې-
لىپ، ئۇنى ھوشىدىن كەتكۈزۈۋېتىپتۇ.

بىر سائەتتىن كېيىن، فرىد ھوشىغا كەپتۇ. ئايالى
ئۇنىڭ بېشىدىكى مۆنەكنى سىلاپ تۇرۇپ دەپتۇ:

— كەچۈرۈڭ، قەدىرلىكىم، سىزنىڭ بۇ ھەپتىدە
كېچىلىك ئىسمېنىدا ئىشلەيدىغانلىقىڭىزنى ئۇنتۇپ قاپتى-
مەن.

## ئاجايىپ جاۋاب

بىر ئەر ئايالىغا دەپتۇ:

— تەڭرى نېمىشقا ئاياللارنى شۇنچە چىرايلىق، يەنە
شۇنچە ئەخمەق قىلىپ ياراتقاندۇ؟

— شۇنىمۇ چۈشەنمىدىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ ئايال، —
بىز چىرايلىق بولغاچقا، سىلەر بىزنى ياخشى كۆرىسىلەر؛
بىز ئەخمەق بولغاچقا، سىلەرنى ياخشى كۆرۈپ قالىمىز.

## قىتىغۇر ئەر

بىر ئايال ئېرىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن شۇنچە تىرىش-
سىمۇ، زادىلا مەقسىتىگە يېتەلمەپتۇ. كۆڭۈلسىزلىك تو-
لىراق ناشتىلىق تەييارلاشتا يۈز بېرىدىكەن. ئۇ تۇخۇمنى
پىشۇرۇپ ئېلىپ كەلسە، ئېرى: «سۇدا پىشۇرغان تۇخۇم
يەيتتىم» دەيدىكەن؛ تۇخۇمنى سۇدا پىشۇرۇپ ئېلىپ كەل-
سە، ئۇ: «قورۇغان تۇخۇم يەيتتىم» دەيدىكەن.

بىر ئەنگەندە، ئايال بىر توخۇمنى قورۇپ، بىر تو-
خۇمنى سۇدا پىشۇرۇپ جوزىغا كەلتۈرۈپتۇ.
— بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ — دەپتۇ ئەر ئۇنىڭغا چەكچى-
يىپ قاراپ، — قورۇغان توخۇمنى سۇدا پىشۇرۇپسەن،
سۇدا پىشۇرىدىغان توخۇمنى مايدا قورۇپسەن. بۇلارنى قانـ-
داق يەيمەن؟!

## ئۈچ خىل سوئال

ئۈچ ئايال بوي قىلىشقا ئالدىراۋاتقان بىر ئەر بوغزۇ-
لۇق سۆزلىشىپ قاپتۇ.
1 - باشلىق قىز: ئۇ كېلىشكەن ئەرمىكەن؟
2 - باشلىق قىز: ئۇنىڭ بىر ئائىلىنى كىرىمى قامدى-
لىمىكەن؟
3 - باشلىق ئايال: ئۇ ھازىر قەيەردىكەن؟

## پاراخوت قوزغىلىش ئالدىدا

جېيىس خانىم: تېمىنىدۇر بىرنىمەمنى ئۇنتۇپ قالغاندە-
ك قىلىمەن، بىراق ئەسلىيەلمەيۋاتىمەن. تېپىشىپ بې-
رەلەمسىز؟
مۇلازىمەتچى: پاسپورتىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىز؟
جېيىس خانىم: پاسپورت؟ ياق، ئۇ مانا بۇ يەردە ئە-
كەن، پاراخوت بېلىتىمۇ بار ئىكەن.
مۇلازىمەتچى: چامادان، سومكىلىرىڭىز؟

جىس خانىم: قېنى، قاراپ باقاي، بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت، بەش… ھەممىسى بار ئىكەن؟

مۇلازىمەتچى: قارىغاندا، ھېچنەرسىڭىزنى ئۇنۇتۇپ قالماپسىز. پاراخوت ھازىرلا قوزغىلىدۇ، پاراخوتقا چىقىڭ! ئەنە، جىس ئەپەندىمۇ يېتىپ كەلدى.

جىس خانىم: ۋىيەي، ئېسىم قۇرۇسۇن، ئەسلىدە ئېرىمنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن ئەمەسمۇ؟!

## ئەرنىڭ «ساۋابلىق» ئىشى

ئايال: دېگىنە قېنى، بۇ ئۆمرۈڭدە سەن بىرەر ساۋابلىق ئىش قىلىپ باققانمۇ؟

ئەر: قىلغان، تازا ساۋابلىق ئىشلارنى قىلغان!

ئايال: مەسىلەن؟

ئەر: مەسىلەن، سېنى قېرى قىز بولۇپ قېلىشتىن قۇتۇلدۇرغانمەن. ئېيتقىنا، دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ساۋابلىق ئىش بولامدۇ؟

## سىناق

قىستا - قىسناڭ لىفتتا، بىر ئايال ئېرىنىڭ بىر چىرايلىق ئايالغا تىكىلىپ قاراپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇ.

تۇيۇقسىز، ھېلىقى چىرايلىق ئايال ئەرنى بىر كاچات سايتۇ ۋە:

— بۇ سىزگە بەرگەن ساۋىقىم بولۇپ قالسۇن! بۇنىڭ-
دىن كېيىن، قولىڭىزنى باشقۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭ! —
دەپتۇ.

لىقنىڭ چىققانلىقىدىن كېيىن، ئەر ئۇۋۇالچىلىققا ئۇچرى-
غان قىسىنىنى دەپتۇ:

— مەن ئۇ ئايالغا چېقىلمىغان…

— بۇنى بىلىمەن، — دەپتۇ ئايالى كۈلۈپ، — بۇنى
مەن قىلغان.

## يۇل تېخىمۇ چىرايلىق

كاسىسىرلىق قىلىۋاتقان سۇسان پەرىشان هالدا دوستى-
غا دەپتۇ:

— مەن ئۆزۈمنىڭ ئانچە چىرايلىق ئەمەسلىكىمنى
ئەمدى بىلدىم.

— نېمىشقا بۇنداق ئويغا كېلىپ قالدىڭ؟

— كىشىلەر ماڭا قاراپمۇ قويماي، پەقەت ئۆزلىرىنىڭ
پۇلىنىلا سانايدىكەن.

## قارىغىلى قويمايتتىڭ

بىر جۈپ ئەر - خوتۇن دېڭىز ساھىلىدا ئاپتاپسىنىپ-
تۇ. بىر چاغدا، ئايال سۇ ئۈزۈش كىيىمى كىيگەن بىر
قىزنىڭ سىرىدا نازۇك ھەرىكەتلەرنى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆ-
رۈپ قاپتۇ - دە، ئېرىگە دەپتۇ:

— فارا! ئۇ سەن چوقۇنمدىغان كىنو چولپىنى ئاننىي-
غا بەك ئوخشايدىكەن.
ئەر ئايالىنىڭ سۆزىگە بەرۋا قىلمىغاندەك قىياپەتتە
كۆزىنى يۇمۇپ ئىتىۋېرىپتۇ.
— نېمە؟ سەن راسىنىنلا ئاززاقمۇ قىزىقمىدىڭمۇ؟ —
ئايالى ئەجەبلەنگەن هالدا سوراپتۇ.
— ئەگەر ئۇ راستىنلا ئاننىيغا ئوخشايدىغان بولسا،
مېنى هەرگىز ئۇنىڭغا قارىغىلى قويمىغان بولاتتىڭ!

## سىلىشتۇرۇش

ئىككى قىز توي توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ قاپتۇ.
— غەلىتە ئىش، — دەپتۇ بىر قىز، — كۆپىنچە
هاللاردا سەن قىزلار چىرايلىق يىگىتلەرگە تېگىشۋالىدى-
كەن، سەت يىگىتلەر بولسا بەرىشتىدەك ساھىبجامال قىز-
لارنى ئېلىۋالىدىكەن.
— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ يەنە بىر قىز دەرهاللا،
— مېنى بىر بەتبەشىرە يىگىت ئالىدىغان ئوخشايدۇ ـ هە!

## كىم ۋاپاسىز

قاۋاقخانىدا، ئىككى ئەر هاراق ئىچكەچ مۇڭدىشىپتۇ.
ئا: ئايالىم ماڭا سادىق ئەمەس ئىكەن.
ب: بۇنداق قالايمىقان گەپ قىلما!
ئا: راست دەۋاتىمەن، مېنىڭ ئىسپاتىم بار!

ب: فېنى، دەپ بافە!
ئا: ئۇ كېچە ئۆيگە قايتىپ كەلمىدى، يېرىم كېچىدە تېلېفون بېرىپ، مەن جېنىنى بىلەن بىللە، دەيدۇ تېخى!
ب: بەلكىم شۇنداقمۇ.
ئا: نەدىمۇ ئۇنداق بولىدۇ؟ جېنىنى پۈتۈن بىر كېچە مەن بىلەن بىللە تۇرسا!

## يىراقنى كۆرۈش

قىز: مەن بىراقنى كۆرەلمەيدىغان، توى ئىشىدا ھەشەمەتچىلىكنى قوغلىشىدىغان قىزلاردىن ئەمەس.
يىگىت: بەك ياخشى بولدى! ھەيرانمەن، سىز قاچاندىن بېرى شۇنداق بولۇپ قالدىڭىز؟
قىز: ئۆتكەن قېتىم، ئائىلەڭلارنىڭ بانكىدا يۈز مىڭ يۈەن ئامانەت پۇلى بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن!

## دەزمالللانمىغان «كىيىم»

ئامېرىكىنىڭ بىر ياشانغانلار سانانورىيىسىدە نۇرۇۋاتقان براىت خانىم بىر كۈنى ھەمراھلىرىغا:
— بۈگۈن كەچلىك تاماقتىن كېيىن، سىلەر بىرىنچى قەۋەتنىڭ زالىغا چۈشۈپ، مېنىڭ قىزىقچىلىقىمنى كۆرۈڭلار. مەن زالنىڭ بۇ تەرىپىدىن ئۇ تەرىپىگە يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ باقاي، بوۋايلار كۆرۈپ نېمە دەيدىكىن؟ — دەپتۇ.
دەرۋەقە، كەچلىك تاماقتىن كېيىن، براىت خانىم

قىپيالىڭاچ ھالدا زالنىڭ بۇ تەرىپىدىن ئۇ تەرىپىگە يۈگۈ-رۈپ ئۆتۈپتۇ. لېكىن، بوۋايلار ھېچنېمىنى كۆرمىگەندەك ئولتۇرىۋېرىپتۇ، پەقەت بىر بوۋايلا بېشىنى چايقىنىغىچە كونۇلداپتۇ:

— ىرانىت خانىمنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ؟ قاراڭلار، ئۇ كىيىملىرىگە دەزمالمۇ سالماي، پۈرلاش پېتى كىيىۋاپتۇ.

## ئۈچىنچى ئەر

رىسنورانىدا، بىر ئابال بىر مۆتىۋەرگە ھەدەپ قاراۋې-رىپتۇ. مۆتىۋەر ئوڭايسىزلىنىپ قاپتۇ ۋە بۇ ئايالدىن قارشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپ باقماقچى بوپتۇ.

— خانىم، بىز بىرەر يەردە كۆرۈشكەنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ تەكەللۇپ بىلەن.

— ياق، بىز زادىلا كۆرۈشۈپ باقمىغان، — دەپتۇ ئابال، — بىراق، سىز مېنىڭ ئۈچىنچى ئېرىمگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەنسىز.

— سىز ئۈچ قېتىم توي قىلغانمۇ؟

— ياق... ئاران ئىككى قېتىم توي قىلغان.

## مېنى ئاز ئىزدە

تۆۋەندىكىلەر بىر قىزنىڭ ھەرقايسى مەزگىللەردە ئا-نىسىغا دېگەن سۆزلىرى:

باشلانغۇچ مەكتەپتە: ئاپا، مەن چوڭ بولغاندا، ئەرگە

نەگمەي مەڭگۈ ساكا ھەمراھ بولىمەن.
بولۇقسىر ئوتتۇرا مەكمەپنە: ئاپا، مەن جوك بولغاندا، نوى فىلغاندىن كىيىمۇ، يەىلا سېنىڭ ىلەن بىللە نۇرىمەن.
بولۇق ئونىۇرا مەكنەبتە: ئاپا، مەن چوڭ بولۇپ توي قىلغاندىن كېيىن، سېنى ىات - بان يوقلاپ تۇرىمەن.
ئالىي مەكمەىە: ئاپا، مەن نوى قىلغاندىن كېيىن، ۋاقىت چىقىرىپ سېنى يوقلاپ تۇرىمەن.
نوى قىلىدىغان چاغدا: ئاپا، بوس ۋاقىم بولسىلا، سېنى بوقلاپ نۇرىمەن.
نوى قىلغاندىن كېيىن: ئاپا، ئىسىڭ بولمىسا، مېنى ئازراق ئىردەرسەن.

## كېپىنەك

باھار كۆيلىرىنىڭ بىرى، بىر جۈپ قىز - يىگىت مۇھەببەتلىشىۋاتقاندا، يىگىت ئەتىرگۈلنى كۆرسىتىپ دەپتۇ:
— سۆيۈملۈكۈم، سىز خۇددى چىرايلىق گۈلنىڭ ئۆزى!
— مەن گۈل بولسام، سىز نېمە؟
— مەن گۈلگە قونغان كېپىنەك!
— مەن كېپىنەككە ئۆچ!
— نېمە ئۈچۈن؟
— قاراڭ، ئاۋۇ كېپىنەك ئەتىرگۈلنى تاشلاپ قىزىل گۈلگە قوندى…

## ئامانەت سۆز

بىر ئايال ساقچى ئىدارىسىگە تېلېفون بېرىپ، ئېرىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى مەلۇم قىپتۇ.

ساقچى: ئەگەر بىز ئۇنى تاپقۇدەك بولساق، ئۇنىڭغا يەنكۈزۈپ قويىدىغان گېپىڭىز بارمۇ؟

ئايال: ئۇنىڭغا دەپ قويۇڭلار، مەن ئاپامنىڭ ئۆيىگە كەتتىم.

## مەسلىھەت

بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن چىقىشالماي قاپتۇ. نىكاھ ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى كۆپ قېتىم ياراشتۇرۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۈنۈمى بولماي، ئاخىر ئاجراشتۇرۇۋېتىش قارارىغا كەپتۇ. مەسلىھەتچى ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىگە ئۆيدىكى مۈلۈكلەرنى تەڭ بۆلۈنۈش ئارقىلىق، تالاش ـ تارتىشتىن ساقلىنىش مەسلىھەتىنى بېرىپتۇ.

— ئۇنداقتا، مېنىڭ ئون مىڭ يۈەن شەخسىي پۇلۇمنىمۇ تەڭ بۆلۈشەمدۇق؟ — دەپتۇ ئايال نارازى بولغان هالدا.

— ئەلۋەتتە.

— ئەمىسە، ئۈچ بالىمىزنى قانداق بۆلۈشىمىز؟

مەسلىھەتچى نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قاپتۇ ۋە ئاخىر:

— ئەڭ ياخشىسى، ھازىرچە ئاجراشماي، بالاڭلار تۆت بولغاندا ئاجرىشىڭلار! — دەپتۇ.

## قەبرە سۆزى

جېررى ئايالىغا دەپتۇ:

— سۆيۈملۈكۈم، مەن سېنىڭ قەبرە تېشىڭغا قايسى سۆزنى يازسام مۇۋاپىق بولار، دېگەننى ئويلاۋاتىمەن.

— مېنىڭچە، مۇنداق سۆزنى يازسىڭىز ئوبدان بولىدۇ. «بىچارە ئىنا ئۇزۇن يىللار تۇل بىر ئاشاي، ئاخىر قەبرىدە ئۆلۈپ كەتكەن ئېرى بىلەن جەم بولدى.»

## نىكاھنىڭ توسالغۇسى

بىر كۈنى، بىر ساھىبجامال ئايال ئادۇوكاتنىڭ ئىشخانىسىغا كەپتۇ.

— ئەپەندى، مەن ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىش توغرۇلۇق سىزدىن مەسلىھەت سورىغىلى كەلدىم.

— نېمە ئىش؟

— مەن بىر كىشىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، ئىككىمىزنىڭ ئاتا - ئانىلىرىمۇ بىزنىڭ توي قىلىشىمىزغا قوشۇلدۇ. بىزمۇ تويدىن كېيىنكى تۇرمۇشىمىزنىڭ بەختلىك بولىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشىنىمىز.

— ئۇنداق بولسا، چاتاق يوق ئىكەنغۇ! مېنىڭدىن مەسلىھەت سوراپ يۈرمەي، توي قىلىسىڭىزلا بولمامدۇ؟

— لېكىن، — دەپنۇ ئايال دۇدۇقلاپ، — بۇ ئىشنى ئېرىمگە قانداق ئېيتىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن!

## ئەر ۋە ئىت

ئەر: بۇگۈن سىرتقا چىقىمەن، دەۋاتاتتىڭغۇ؟

ئايال: ھەئە، نەرسە - كېرەك سېتىۋالايمىكىن دەي-مەن.

ئەر: چىقساڭمۇ چىق، بىراق ئاۋۇ بەدبەشىرە ئىت سىلەن چىقما.

ئايال: نېمە دېگىنىڭ بۇ؟ مېنىڭچە، ئۇ بەك ئوماق.

ئەر: ئوماقمىش تېخى! سەن ئۇنى ئۆزۈڭنىڭ چىراي-لىقلىقىڭغا سېلىشتۇرما قىلىدىغانغا ئېلىپ چىقماقچىمۇ؟

ئايال: ئەگەر شۇنداق قىلغۇم بولسا، ئۇنى ئېلىپ چىقىشىمدىن، سېنى ئېلىپ چىقىشىم ياخشىراق ئەمەس-مۇ؟!

## ئەركىن قۇش

بىر ئايال ئۆيىگە كەچ قايتىپ كەلگەن ئېرىگە كايىپ كېتىپتۇ:

— نېمانداق قىلىسىز؟ سىزگە بۇ ئۆي كېرەك ئەمەس-مۇ؟

— نېمە بولدى؟ ئەجەب قايناپلا كەتتىڭغۇ؟

— نېمە بولغانلىقىنى بىلمەيۋاتامسىز؟ ھەر كۈنى ئۆيد-

گە كەج كىلىسىر، زادى نېمە ئىش قىلىۋاتىسىر؟
— مەن دېگەن بىر ئەركىن قۇش، — دەپتۇ ئەر مەيدىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ، — قاچان قايتىپ كەلگۈم كەلسە، شۇ چاغدا قايتىپ كېلىمەن. سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن!

ئەتىسىدىن باشلاپ، ئابالمۇ كېچە ـ كېچىلەپ ئۆيگە قايتىپ كەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئېرى زارقىرىغاندىكەن، ئۇ خىرابىسى ئۆزگەرنىمەي تۇرۇپ دەپتۇ:

— مەن دېگەن ئەركىنلىكتىن ئايرىلغان بىر قۇش. خەقلەر قاچان قويۇپ بەرسە، شۇ چاغدا ئۆيگە قايتالايمەن!

## جىددىي ئورۇنلاشتۇرۇش

بىر جاسىم ئەتىگەندە ئويغانسا، ئېرى ئۆلۈك ياتقۇدەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇ رەڭگى ياتارغان ھالدا بوگۇرۇپ چىقىپ تۇۋلاپتۇ:

— ئانا!

— خانىم، نېمە ئىش بولدى؟ — دەپتۇ خىزمەتكار.

— ناشتىلىققا بىر ئىستاكان سۈت تەييارلىساڭلا بولدىغان بولدى!

## تىلەك

ئالتۇن چاچلىق ئۈچ قىز بەربىزاتىسىك ئالدىغا بېرىپتۇ.

— ھەربىرىڭلار بىردىن تىلەك تىلىسەڭلار بول

دۇ، — دەپتۇ پەرىزات.

— مەن تېرەمنىڭ ھازىرقىدىنمۇ ئاق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دەپتۇ بىرىنچى قىز. دەرۋەقە، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۇنىڭ تېرىسى ئادەم ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە ئاقىرىپ كېتىپتۇ.

— مەن كۆزۈمنىڭ تېخىمۇ زەڭگەر بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دەپتۇ ئىككىنچى قىز. ئۇنىڭ كۆزى دېڭىز سۈيىدىنمۇ بەكرەك زەڭگەر رەڭگە كىرىپتۇ.

— مەن ئەسلىدىمۇ بىر ھاماقەت ئىدىم، ھازىر ئۇنىڭدىن مىڭ ھەسسە ھاماقەت بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن، — دەپتۇ ئۈچىنچى قىز. ھەش - پەش دېگۈچە، ئۇ بىر ئەر كىشىگە ئايلىنىپ قاپتۇ.

## ھەر قېتىم كۆرگەندە

ئايال: سەن چىرايلىق قىزلارنى كۆرسەڭلا، ئۆزۈڭنىڭ توي قىلىپ بولغىنىڭنى ئۇنۇتۇپ قالىدىكەنسەن!

ئەر: ئەسلا ئۇنداق ئەمەس! مەن ھەر قېتىم چىرايلىق قىزلارنى كۆرسەم، شۇ ھامان توي قىلىپ بولغىنىم يادىمغا كېلىدۇ…

## يۆتكىلىش

بىر ئايال بىر ئايال دوختۇرغا بېشىنىڭ دائىم ئاغرىيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. دوختۇر ئۇنىڭغا، ئەڭ ياخشىسى

توي قىلىۋېلىڭ، دېگەن مەسلىھەتنى بېرىپتۇ.

بىر بىلدىن كېيىن، دوختۇر ھېلىقى ئايالنى ئۇچرىتىپ:

— قانداق، توي قىلدىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— رەھمەت، توي قىلدىم.

— بېشىڭىز يەنە ئاغرىۋاتامدۇ؟

— ياق، بېشىم ساقىيىپ قالدى، بىراق ئېرىمنىڭ بېشى ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى.

## ۋاپاسىز

بىر ئايال ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ بىرەر ئاي بولمابلا، ياشقا بىر ئەرگە تېگىۋاپتۇ. لېكىن، بىرنەچچە كۈن ئۆتمەي يېڭى ئەر - خوتۇنلار قاتتىق ئۇرۇشۇپ قاپتۇ.

— سەن بىر ۋاپاسىز خوتۇن! — دەپتۇ ئەر.

— مەن نېمە قىپتىمەن! — دەپ ۋارقىراپتۇ ئايال.

— نېمە قىلىسەن، دەيدۇ تېخى! ئېرى ئۆلۈپ بىر ئاي بولمايلا توي قىلىۋالغان ئايالنى ۋاپاسىز دېمەي نېمە دەيمىز؟

— ئۇنداق بولسا، ماقۇل! كېلەر قېتىم، مەن بىر مەزگىلنى ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن توي قىلاي.

## چوڭ ئىشقا تەسىر يېتىش

بىر ئەر قاتتاش ھادىسىسىگە ئۇچراپتۇ. بۇنىڭدىن

خەۋەر ناپقان ئايالى ئالدىراپ - تېنەپ دوختۇرخانىغا بېرىپ ئوپېراتسىيە بۆلۈمىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىشىگە، بىر دوختۇر چىقىپتۇ.

— ناھايىتى ئەپسۇس، — دەپتۇ دوختۇر بېشىنى چايقاپ، — قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي، ئېرىڭىز بايىلا جان ئۈزدى.

ئايال ھۆكىرەپ يىغلاپتۇ. دوختۇر ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپتۇ:

— سەۋر قىلىڭ! ھەرھالدا ئېرىڭىز ئۆلۈش ئالدىدا يۈز مىڭ دوللارلىق مال - مۈلكىنىڭ ھەممىسىنى سىزگە قالدۇرۇش توغرىسىدا ۋەسىيەت قالدۇردى.

— ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىشىنى بىلىمەن، — دەپتۇ ئا- يال، — لېكىن، ئەڭ چاتاق بولغىنى، ئۇ بىر مىليون دوللارلىق ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھۆججىتىگە يېڭى قول قوي- مىغانىدى!

## دوختۇردىن قورقۇش

ئوسكارنىڭ بېشى بەك قاتتىق ئاغرىپ كېتىپ، ئايالى- غا قاقساپتۇ:

— بېشىم بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى.

— دوختۇرغا كۆرۈنۈڭ.

— ياق، مەن دوختۇردىن بەك قورقىمەن!

— نېمىشقا ئەمدى؟

— يادىڭدا يوقمۇ، بۇلتۇر قورسىقىم قاتتىق ئاغرىپ

كېسىۋىدى، دوختۇر ئۇچىسىدىكى بىر قىسمىنى كېسىپ ئېلىۋەتتى. ئۆتكەن ھەپتە چىشىم ئاغرىپ كېلىۋىدى، ئۇ چىشىمنى يۇلۇۋەتتى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئالدىغا بارسام، بېشىمنى نېمە قىلىۋېتىدۇ، بۇنى كىم بىلىدۇ دەيسەن!

## بىزمۇ شۇنداق قىلغان بولساق

— بۇ يىل ئەتىيازدا، ئەر - خوتۇن ئىككىمىز ئۆرۈ-سۈن قىلىپ، كەينىدىنلا ئەيلىنىپ قالدۇق. شۇنىڭ خاتى-رىسى ئۈچۈن، ئۆيىمىزنىڭ كەينىگە بىر تۈپ كۆچەت تى-كىپ قويغانىدۇق، ھازىر قالىنىس ياراقسان بولۇپ كەتتى.

— شۇنداقمۇ؟ ئەگەر بىزمۇ سىلەردەك قىلغان بول-ساق، ھازىرغىچە بىزنىڭ ئۆينىڭ ئەتراپى ئورمانلىق بو-لۇپ كېتەتتىكەن!

## بوۋاينىڭ ياش قېتىنچىلىقى

بىر بوۋاي ئۇزاق يىل بوستانچىلىقتا ياساپ ئېرىشىد-يىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئۆزىگە لايىق كەلگۈدەك بىرەر ئائىلىسى ھەمراھ قىلىۋالغۇسى بار ئىكەن. بىراق بۇنى قىزىغا ئېيت-ىشىش جىجىل بولىدىكەن. ئاخىر، ئۇ يېزارەت بېرىش ئارقىلىق ئۆز مەقسىتىنى ئۇقتۇرماقچى بوپتۇ.

— كىچىكى دالىقۇزچىلىقتا يەك توكلاپ كېتىۋاتە-مەن، — دەپتۇ ئۇ بىر كۈنى قىزىغا. قىزى دەرھال بازارغا بېرىپ، ئۇنىڭغا گىلەمكا ئەكىلىپ بېرىپتۇ.

— ئادەم قېرىغاندا دۈمبىسى بەك قىچىشىدىغان بولۇپ قالىدىكەن. قاشلاپ دېسەم، با قولۇم يەتمىگەن— ··· دەپتۇ بوۋاي. قىزى قاشلىغۇچ ئەكېلىپ بېرىپتۇ.

بوۋاي ھەرقانچە ئاغرىنسىمۇ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر بوپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي، بوۋاي نەۋرىسىنىڭ توي قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، قىزىغا دەپتۇ:

— ئۇنىڭ نويىنى قىلىپ نېمە قىلىسەن؟ ئۇنىڭغىمۇ گىرىلكا بىلەن قاشلىغۇچ ئېلىپ بەرسەڭ بولمىدىمۇ؟!

## ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق

ئايال: ئېرىمنى ئىزدەۋاتقىنىمغا ئىككى سائەت بولدى، تاپالمىدىم، ئۇ نەگە كەتكەندۇ؟

قېرى قىز: كىچىككىنە ئىشكەنغۇ بۇ، ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق. مانا مەن بولغۇچىنى ئىزدىگىلى قىرىق يىل بولدى، تا ھازىرغىچە تاپالىغىنىم يوق.

## دەللەلشىنىڭ ئاجايىپ ئۇسۇلى

چوڭ زالدا يىغىن ئېچىلىۋاتاتتى. رىياسەتچى بىر خانىمنىڭ باغاقچىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، مىكرافوننى قولىغا ئېلىپ يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇدى:

— ۋىلىيام ئەپەندى، ئۆيىڭىزدە ھىددىي ئىش چىقىپ قالدى، دەرھال قايتىڭ!

ئۇنىڭغا رەننە ئۇلىنىۇرغان سىر ئەر ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا، ئارقا بەرەپتىن بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— بولدى، ئولتۇرىۋېرىڭ، مەن سىرىڭ زالدا بار - يوقلۇقىنىڭىزنى بىلىپ باقماقچىدىم!

## دوختۇرغا كۆرۈنمىسەڭ بولغۇدەك

جىففىرسون ئەبەدى بىر بارچە ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بالوسى ئاياللىغا بېرىپ دېدى:

— مەن يۈز مىڭ دوللارلىق ئۆمۈر سۇغۇرتىسىغا قاتناشتىم. بۇنداق بولغاندا، مەن ئۆلگەندىن كېيىنمۇ سىزلەرنىڭ تۇرمۇشۇڭلار كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.

— بەك ئەتراپلىق ئويلاپسىز، جېنىم، — دەپتۇ ئايالى خۇش بولۇپ، — ئەمىسە، بۇنىڭدىن كېيىن ئاغرىپ قالسىڭىز، دوختۇرغا كۆرۈنمىسىڭىزمۇ بولىدىغاندۇ؟

## سوۋغاتنى تەڭ ئېلىش

خوتۇنىنىڭ ئانىسى قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچراپ پۇتى سۇنۇپ، ھاسا تاياققا چۆشۈپ قاپتۇ. بىر كۈنى، خوتۇنى ئىككى دانە چاقلىق ئورۇندۇقنى ئېلىپ كەپتۇ.

— ھوي، نېمىشقا بۇنىڭدىن ئىككىنى ئالدىڭىز؟ — دەپتۇ ئايالى ھەيران بولۇپ.

— قەدىرلىكىم، ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ سەن دائىم ئاپاڭ-

غا بىمە ئالساق، جوقۇم ماكىمۇ شۇنىڭدىن ئېلىپ بېرى-
شىڭ كېرەك، دەمسىڭغۇ؟

## ھادىسىدىن كېيىنكى ھايات

ئۈچ ئايال ئەگەر دېڭىزدا ھادىسىگە ئۇچراپ، ئادەم-
زاتسىز بىر ئارالغا بېرىپ قالغۇدەك بولسا، قايسى خىل
ئەر بىلەن بىللە ياشاشنى خالايدىغانلىقى توغرىسىدا پاراڭلى-
شىپ قاپتۇ.

بىرىنچى ئايال: مەن ئىنتايىن پاراڭچى ئەر بىلەن
بىللە ياشاشنى خالايمەن.

ئىككىنچى ئايال: مەن ئوۋ ئوۋلاشنى ۋە گۆش پىشۇ-
رۇشنى بىلىدىغان ئەر بىلەن ياشاشنى خالايمەن.

ئۈچىنچى ئايال: مەن بىر تۇغۇت دوختۇرى بىلەن
بىللە ياشاشنى خالايمەن.

## ئۆلتۈرۈۋېتىش نىيىتىدە بولغان

بىر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ يە-
تمىش يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپتۇ. پائا-
لىيەتكە توي قىلغىنىغا يەتمىش يىل بولغان بىر جۈپ
بوۋاي - موماينى تەكلىپ قىلىنىپتۇ.

رىياسەتچى بوۋاي - مومايىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلار-
دىن سوراپتۇ:

— شۇنچە ئۇزاق جەرياندا، سىلەردە ئاجرىشىپ كې-

مېنى ياكى ئانىنىم تونۇش ئىسىمنۇ بولۇپ ياققانمۇ؟

نۇۋاي بىلەن موماي بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئويلىشىپ قاپتۇ. كېيىن، موماي كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— راستلا بولۇپ باقمىغان.

بۇتۇن سورۇنى جاراڭ سادىسى قاپلاپتۇ.

موماي ئارقىدىنلا دەپتۇ:

— لېكىن، قارىسى بەرىبىر ئۆلتۈرۈۋېتىش ئىشىنى ياپ ـ ياپ پەيدا بولۇپ تۇراتتى.

## كەچۈرگىنىمنى ئۇنتۇپ قالمىسۇن دەپ

بىر ئەر قاتتىق خاپا بولۇپ، ئايالىغا دەپتۇ:

— يېقىندا ھەدېسىلا مېنىڭ سەۋەنلىكىمنى يۈزۈمگە سېلىۋېرىسەن؟ ئۆزۈڭ، سېنىڭ سەۋەنلىكىڭنى كەچۈرۈۋەتتىم ۋە ئۇنتۇپ كەتتىم، دېمىگەنمىدىڭ؟

— سېنى كەچۈرگىنىم ۋە سەۋەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ كەتكىنىم راست. بىراق، مەن كەچۈرگىنىم ۋە ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىمنى ساڭا ئەسلىتىپ تۇرۇشۇم كېرەك ـ دە!

## قالغان بىر كۈندە نېمە قىلدىڭ

ۋىلفور ئەبەدىي سەپەردىن قايتىپ كەلگەندە، ئايالى سوراپتۇ:

— كەتكىنىڭگە شۇنچە ئۇزاق بولدى، سىرتتا يۈرگەن چاغلىرىڭدا مېنى سېغىندىڭمۇ؟

— سېغىنىمامدىغان، خونۇن! سىر ئاي سەپەر جەريانى-
دا، نوپتوغرا ئوتنۇز كۈن سېنى سېغىندىم.
بىۇ گىەينى ئاڭلىغان ئايال سەكرەپ ئورنىدىن تۇ-
رۇپنۇ - دە، قولىنى شىلنىپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ:
— هە، مۇنداق دە! ئۆنكەن ئاي ئوتتۇز بىر كۈنلۈك
تۇرسا، قالغان سىر كۈندە نېمە قىلدىڭ؟!

## كىم يالغانچى

سىر جۈب ئەر - خوتۇن ئاجراشماقچى بولۇپ سوتقا
نېرىپتۇ. سوتجى ئىككىيلەننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كې-
يىن دەپتۇ:
— خانىم، مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، ئېرىڭىزگە سادىق
ئەمەس ئىكەنسىز، سىر يالغان ئېيتىپسىز؟
— خاتا! — دەپتۇ ئايال يەرنى تېپىپ تۇرۇپ، —
ئۇ ماڭا سەپەردىن بىر ھەپتىدىن كېيىن قايتىپ كېلىمەن،
دېگەن، بىراق ئەتىسىلا قايتىپ كەپتۇ. ئېيتىڭا، سوتچى
ئەپەندى، زادى كىم يالغانچى ئىكەن؟

## بىر ئادەملا كۆرسە بولمايدۇ

يېڭى توي قىلغان جىك ئايالى بىلەن سەيلە قىلغاندىن
كېيىن، ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئاچچىقلىنىپتۇ:
— مەن يا سېنىڭ پۇتۇڭنى دەسسىمىسەم، نېمىشقا
شۇنچە جىق ئادەملەرنىڭ ئالدىدا، پۇتۇمنى دەسسۇالدى-

ىگىر، دەپ تووولابسەن؟
ئايالى يېسىڭگىدە كۈلۈپ، جېكىنى سۆيۈپ قويۇپتۇ-
دە:
— جېنىم، شۇنىمۇ چۈشەنمىدىڭىزمۇ؟ بۇنچە چىرايى-
لىق ئاياغنى يالغۇز سىزلا كۆرسىڭىز بولمامدۇ - دە! —
دەيتۇ.

## كاتىپىمىنىڭ نەۋرىسى

بىر خانىم ئېرىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرسە، خاتىرە ۋە
قەلەم تۇتقان ياش ھەم چىرايلىق بىر ئايال ئېرىنىڭ يېنىدا
ئولتۇرغۇدەك. شۇنىڭ بىلەن، خانىم غەزەپ بىلەن ئېرىدىن
سورايتۇ.
— سەن كاتىبىم قېرى موماي، دەۋاتاتتىڭغۇ؟!
قانىق قورقۇپ كەتكەن ئەر بىرھازاغىچە گەپ قىلال-
ماي تۇرۇپ قاپتۇ، كېيىن، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ دەپتۇ:
— دېگىنىم راست! بىراق، ئۇ بۈگۈن ئاغرىپ قې-
لىپ، ئورنىغا نەۋرىسىنى ئەۋەتىپتۇ.

## مەست كەبسەن

ئەزەلدىن ئايالىغا گۈل تەقدىم قىلىپ باقمىغان بىر
ئەر بىر كۈنى بىر دەستە گۈل ئېلىپ، ئايالىنى خۇش
قىلماقچى بوپتۇ.
ئايالى ئەمدىلا ئىشىكنى ئېچىشىغا، ئۇ ئارقىغا يوشۇ-

رۇۋالغان گۈلدەستىنى ئاپالىغا سۇنۇپتۇ. بىراق، ئاپالى گۈلنى ئېلىشنىڭ ئورنىغا، ئارقىغا داجىپ، ھۆركىرەپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.

— ھوي، نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەر جۆ-جوپ.

— ئەجەبمۇ بەس باسىي بۇگۈن! — دەپتۇ ئاپال يىغە-دىن بوچىماي، — مەن چانداسى چىقىپ قوپدۇم، بالىلار كۈن بويى بوچىماي يىغلىدى، ئەمدى سەن ئۆيگە مەست كەنسەن!

## بىز دېيىشكىنىز كېرەك

توي كېچىسى، ئاپال ئېرىگە دەپتۇ:

— بۇنىڭدىن كېيىن «مېنىڭ» دېگەن گەپنى قىل-ماي، «بىزنىڭ» دېيىشكىنىز كېرەك.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئەر بازىلىق ئۆيىگە كىرىپ ئاچە ئۆتمەي، ئاپالى توۋلاپتۇ:

— سىز نېمە قىلىۋاتىسىز؟

— سۆيۈملۈكۈم، شۇ تاپتا مەن بىزنىڭ ساقىلىمىزنى ئېلىۋاتىمەن!

## ئاپام قاچان كەلدى

يوھان ئەپەندى ئىشتىن قايتىپ كەلگەندە، ماشىنىسى-نى ھويلىغا توختىتىپ قويۇپ، ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ.

گۈللەرنى سۇغىرىۋاتقان ئايالى ئېرىنى خۇش قىلىۋەتمەكچى بوپتۇ ـ دە، ماشىنىنى پاكىز يۇيۇپ تازىلاپتۇ، ئاندىن ئۆيگە كىرىپ، ھېرىلىپ گېزىت ئوقۇۋاتقان ئېرىگە دەپتۇ:

— يوھاي، دۇنيا بويىچە سىزنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ھېلىقى ئايال ماشىنىڭىزنى پاك ـ پاكىز يۇيۇپ قويدى.

دەرۋەقە، يوھاي قاتتىق خۇش بوپتۇ ۋە سوراپتۇ:

— ئوھو، قەدىرلىك ئاپام قاچان كەلگەنىدى؟

## كېچىچە ئويلاش

— توي قىلغاندىن بۇيان، سەن مېنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىمغا كۆڭۈل بۆلۈپ قويمىدىڭ، — دەپتۇ بىر ئايال ھەسرەت بىلەن ئېرىگە.

— نەدە كۆڭۈل بۆلمەيمەن! مانا، مەن بۈگۈن بىر كېچە كۆز يۇمماي، ئاشقازىنىمنى غەلىتە قىلىپ قويغان، ئاخشام سەن ئەتكەن قورداقتا قانداق نەرسىلەر سېلىنغان بولغىيدى، دەپ ئويلاپ چىقتىم!

## ئىگە بولۇش

لائورا ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىنى ئېرىگە ئېيتىپتۇ. ئېرى چوقۇم ئوغۇل تۇغۇشۇڭ كېرەك، دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

— بۇ دېگەن خۇدانىڭ ئىلكىدىكى ئىش، بىز بىمىلا

دېگەنىڭلەن بىكار! — دەپتۇ لائۇرا.

— ھەيرانمەن، بۇ قېتىم قانداق بولۇپ بۇ ئىشقا ئىگە بولمايسەن؟ سەن دائىم ھەممە ئىشقا مەن ئىگە، دەيتتىڭ-غۇ!

## مەن كۈتەلمەيمەن

بىر جۈپ قىز - يىگىت لايىق تونۇشتۇرۇش ئورنىدا نۆۋەتتە قېتىم يۈز كۆرۈشۈپتۇ. يىگىت قىزنىڭ سىرتىدا ئىككىلىكىنى بىلىپ، كۆڭلىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن:

— شۇ تاپتا، مەن ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قېلىپ، سىلەرنىڭ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالسام، دەپ ئويلاۋاتىمەن، — دەپتۇ.

— نېمىشقا؟

— شۇنداق بولۇپ قالسام، بىر ھەر كۈنى بىللە بولالايتتۇق ئەمەسمۇ!

— بۇ مۇمكىن ئەمەس.

— نېمىشقا؟

— چۈنكى، مەن تۇغۇت بۆلۈمىنىڭ سېستىراسى.

## «ئوغۇل بالا»

بىر جۈپ ئەر - خوتۇن چىش دوختۇرىنىڭكىگە كېپ-تۇ.

— دوختۇر، بىر چىشنى تارتىشقا قانچە پۇل ئالى-

سىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئەر.
— ياركور ئىشلىنەمسىز، يا ئىشلەنمەمسىز؟
— ياركوزنىڭ كېرىكى يوق!
— ئەمىسە، بىرىم ياھادا ھەق ئالىمەن، — دەيتۇ دوختۇر ۋە ئۇنى ماخناپتۇ، — بارانسىز، ئوغۇل بالا ئىكەن-سىز!
ئەر ئابالىغا قاراپ دەپتۇ:
— يارغىن، ئاۋۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇر، قەدىرلىكىم!

## ئاۋارە بولماڭ

يورمان ئەبەيدى سەپەرگە مېڭىش ئالدىدا، ئايالىغا دەپتۇ:
— مەن ياھايىي تېزلا قايتىپ كېلىمەن. ئەگەر بە-رەر ناسادىپىي ئىش چىقىپ قېلىپ ھايال بولۇپ قالغۇدەك بولسام، چوقۇم تېلېگراممىا ئەۋەتىپ سىنى خەۋەرلەندۇرۇپ قويىمەن.
— بولدى، ئېلېگراممىا ئەۋەتىپ ئاۋارە بولماڭ، — دەپتۇ ئايالى، — ئەۋەتىدىغان تېلېگراممىڭىزنىڭ كۆپىيە-سىنى كۆرۈپ بولدۇم، ئۇ كاسنۇمىڭىزنىڭ ئىچ يانچۇقىدا ئىكەن!

## مۇھەببەت چەمبىرى

بىر جۈپ قىز-يىگىت دېڭىز ساھىلىدا ئولتۇراتتى.

يگىت قوغا بىر چەمبەر سىزىپ، قىزغا دېدى:
— مېنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتىم ماۋا مۇشۇ
چەمبەرگە ئوخشايدۇ. دېمەكچىمەنكى، ئۇنىڭ مەڭگۈ ئا-
خىرلىشىش نۇقتىسى بوق.
قىزمۇ قوغا بىر چەمبەرنى سىزدى - دە، يىگىتكە
دېدى.
— مېنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتىمنىڭ مەڭگۈ باش-
لىنىش نۇقتىسى يوق.

## مۇھەببەتنى مەركەزلەشتۈرۈش

ئۆمرىنى ساللاقلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر ئەر بېيىش-
قە بېشىغا ئىرىپ قاپتۇ.
— دىلبەرىك بىلەن پۇللىرىم ۋە مېنىڭ بىيىشىمە
مائاشىم بىرىڭ باشقىلارغا يەنىمەسلىكى مۇم-
كىن، — دەپتۇ بوۋاي ئايالىغا، — مەسىلەن، ھەر يىلى
ساياھەتكە چىقىمىز، دىيەك، قىسلىپ قالىمىزغۇ دەي-
مەن.
— بۇنىڭدىن غەم قىلماڭ، — دەپتۇ ئايالى، — مەن
يەنە بەچچە مىڭ دوللارنى ئايرىم يىغىپ قويغان.
— ۋۇي، قانداق يىغدىڭ؟
— يىللە ياشىغان ئوتتۇز يىلدىن بۇيان، — دەپتۇ
ئايالى سەل قىزىرىپ، — سىز ھەر قېتىم مېنى قۇچاقلاپ
سۆيگىنىڭىزدە، مەن ئامانەت كىنىشكىمىزغا ئەللىك
دوللارنى كىرگۈزۈپ تۇرغانىدىم.
— شۇنچە يىلدىن بېرى، نېمىشقا ماڭا ئېيتمى-

دىك، — دەيتۇ بوۋاي خورسىنىپ، — تۇنداق تولارىمى ئالدۇرراق بىلگەن بولسام، ئارلىقىم مۇھەببىتىمنى ساقلا مەركەرلەشتۈرگەن بولاتتىم.

## كىيىمنىڭ ئۈچ يېشى

ئىسلەپ ھالىدىن كەتكەن بىر ئەر ئىسسىق چۈشۈپ ئۆيىگە كەلسە، ئۇيمەلدە ئۈچ ئال سام ساتىپ قويۇلغان بىر تورت تۇرغۇدەك.

— ھوي، بۇگۈن كىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى؟ — دەپ سورايتۇ ئەر ھەيران بولۇپ.

ئايالى سوغۇققىنا جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئۇچامدىكى كىيىمىڭ، ئۇ بۇگۈن ئۈچ ياشقا كىرىدى!

## بىر پارچە مەخپىي خەت

— مەن سىنىڭ ئىسلىرىڭنى ھەددىدىن زىيادە سۈرۈشتۈرۈپ كېتىشنى ياخشى كۆرمەيمەن، — دەپتۇ بىر ئايال ئېرىگە، — سىراق، بەچچە كۈندىن بۇيان بىر ئىش مېنى بەك بىئارام قىلىۋاتىدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ قېنى، ماڭا نەيسلىپ دەپ باققىنا.

— ئۆتكەن جۈمە كۈنى بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇۋالدىڭ، — دەپتۇ ئايال، — خەتنىڭ ئەتىر پۇرىقى گۇپۇلدەپ تۇراتتى، يەنە كېلىپ قىز ئالىنىڭ پوچېركىسى

ئىكەن. مەن سەن خەتنى ئاچقاندا، تۇيۇقسىز پېشانەڭدىن تەر چىقىپ، چىرايىڭنىڭ تاتىرىپ، قوللىرىڭنىڭ تىترەپ كەتكەنلىكىنى كۆردۇم. خۇدا ھەققى، ئېيتقىنا، ئۇ خەتنى كىم يازغان؟

— ھازىرچە، بىز بۇ ھەقتە پاراڭلاشمىساق ياخشى بولارمىكىن.

— خۇدا ھەققى، ئۇ خەتنى كىمنىڭ يازغانلىقىنى ئېيىسپ بەر!

— بوپتۇ ئەمىسە، ئۇ خەتنى كىبىم ـ كېچەك ماگىزىنى ئەۋەتىپتۇ، سەن ماگىزىنغا توققۇز يۈز سەكسەن دوللار قەرز بولۇپ قاپسەن...

## بەك ياخشى بولدى

ئەر: ئۇھ، بىز ئاخىر قەرزىمىزنى ئۈزۈپ بولدۇق!

ئايال: بەك ياخشى بولدى، ئەمدى بىز يەنە قەرز ئالالايدىغان بولدۇق!

## مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى

مارى پۇلدار ئائىلىنىڭ قىزى ئىدى. ئۇ ھەدېسىلا ئېرىگە، پالانى نەرسىنى مەن ئېلىپ كەلگەن، پوكۇنى نەرسىنمۇ مەن ئالغان، دەپ مىننەت قىلىدىكەن.

بىر كېچىسى، مارى بىر شەپىنى ئاڭلاپ، چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ ـ دە، ئېرىنى تۇرتۇپ ئويغىتىپتۇ:

بىر قويۇپ قاراپ باققىنا، ئۆيگە ئوغرى كىرگەن ئوخشايدۇ!

— ئۆيىمىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى سېنىڭ تۇرسا، — دەپتۇ ئېرى تەنۇر قاراپ بېقىپ، — بۇنىڭ مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى؟

## چىرايلىق بولۇپ كېتىدىكەنسەن

بولا ۋاتىلدايدىغان بىر ئايال جىم بولۇپ قالغان ۋاقتىدا ئېرىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ سوراپتۇ:

— نېمانچە قاراپسەن؟

— قەدىرلىكىم، — دەپتۇ ئەر، — ئىككى لېۋىڭ بىر - بىرىگە جىڭ تېگىشىپ تۇرغاندا، بۆلەكچە چىرايلىق بولۇپ كېتىدىكەنسەن.

## تاقىر باش ئايال

بىر ئايالنىڭ كۈنداشلىقى بەك قاتتىق ئىكەن. ھەر ئاخشىمى ئېرى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ ئايالنىڭ قىلىدىغان تۇنجى ئىشى ئېرىنىڭ كۆڭلىكىنى سالدۇرۇپ، ئۇنىڭدا لەۋسۇرۇخنىڭ ئىزى بار - يوقلۇقىنى، ئارقىدىن كاستۇمىنى ئۇلۇغ- نەيۇر ئاختۇرۇپ، ئايال كىشىنىڭ چېچىنىڭ بار - يوقلۇقىنى، ئاخىرىدا ئېرىنى ۋە ئۇنىڭ كىيىملىرىنى پۇراپ، ئەتىرنىڭ پۇرىقى بار - يوقلۇقىنى

نەكشۆرۆپ بېقىش ئىكەن.

بۆرغۆن كۆبلەر ئۆتۆپ كىتىپتۇ، سىراق ئابال ھېچقاد-داق ئىسپاب نابالماپتۇ. شۆنىڭ بىلەن، ئۆيىڭ گۆماىى بېخىمۆ كۆچىيىپ كېتىپتۇ. بىر ئاخشىمى، ئۆ ئومۆمبۆر-لۆك بەكشۆرۆشنى نۆگەنكەندىن كېيىن، ئېرىگە ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

— راسىنگنى ئېيت، سەن بىر ناھىر ياس ئابال بىلەن ئاربلىشىۋاتامسەن؟

## ئۆيدە دەم ئالمايلىمۇ

شىمىت ئەر - خوتۇن دەم ئېلىپ كېلىش ئوچون ياشقا شەھەرگە بارماقچى بوپتۇ. بىراق، شىمىت ئەبەندى يالىسى-نى ئۆيدە يالغۇز قويۇپ قويۇشنى زادىلا خاتىرجەم بولال-ماپتۇ.

— يالىنى ئاپامىنىڭكىگە ئاپىرىپ قويساق بولىدۇ، — دەپتۇ ئايالى ئۆيىگە نەسەللى بېرىپ، — ئىت بىلەن سې-رىق قۇشقاچقا ھامىمام قاراپ قويسۇن. مۆشۆكنى بولسا، سىنا ياسقۇرغۇچىغا ياپسۇرۇپ قويايلى.

شىمىت ئەپەندى بەنىلا ئارىسالدى بوپتۇ.

— بەنە نېمىسقا ئىككىلىنىسىز؟

— مەن ئويلاۋاتىمەن، — دەپتۇ شىمىت ئەبەندى، — سېنىڭ دىگىنىڭدەك قىلساق، ئۆيىمىز پىنتىنچ بولۇپ قا-لىدىكەن. شۇنداق بولغاندىكىن، بىز سەپەرگە چىقىمىز دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرگۈچە، ئۆيدىلا دەم ئالساق نېخىمۇ ياخشى بولامدۇ!

## ئەرنىڭ ۋەسىيەتنامىسى

بىر - بىرىگە كۆڭلى يوق بىر جۈپ ئەر - خوتۇن تۈزۈكرەك سىرداشماي ۋە ئۆزئارا كۆڭۈلسىز نۇرغۇن يىللارنى ئۆتكۈزۈپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئەر ئېغىر كېسەل بىلەن ئورۇن تۇتۇپ قاپتۇ. كېسەل ئازابىدا قالغان ئېرىگە قاراپ، ئىلگىرىكى ئىشلارغا پۇشايمان قىلغان ئايال مۇلايىملىق بىلەن دەپتۇ:

— قەدىرلىكىم، سەن خاتىرجەم كېتىۋەرگىن. ئېيتقىنا، ئۆلگەندىن كېيىن قەبرەڭدە نېمىنى ئارزۇ قىلىسەن؟

ئەر كۆزىنى لاپىدە ئېچىپ ئايالىغا قاراپ، زەردە بىلەن دەپتۇ:

— سېنىڭ قەبرەڭنىڭ يېنىدا!

## ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ

بىر ئېسىلزادە، ساھىبجامال قىز قاۋاقخانىدا ئولتۇرغاندا، بىر يىگىت كېلىپ پەس ئاۋازدا سوراپتۇ:

— بۇ يەردە ئولتۇرىدىغان باشقا ئادەم بارمۇ؟

— مېھمانخانىغا بارايلى، دەمسىز؟ — دەپتۇ قىز يۇقىرى ئاۋازدا.

— ياق، ياق، خاتا ئاڭلاپ قالدىڭىز، مەن سىزدىن

بۇ يەردە ئۆلنۈرىدىغان باشقا ئادەم بارمۇ، دەپ سوراۋاتىدەن.
— مېھمانخانىغا ھازىرلا بارايلى، دەمسىز؟ — قىز تېخىمۇ يۇقىرى ئاۋازدا شۇىداق دەپتۇ.
قاتتىق ئوسال بولغان يىگىت پوكاندەك قىزارغان ھالدا باشقا ئۇستەلگە بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ. نۇرغۇن خېرىدارلار ئۇنىڭغا مەسخىرىلىك قارىشىپتۇ.
بىر چاغدا، ھېلىقى قىز ئۇسىڭ ئالدىغا كېلىپ، پەس ئاۋازدا دەپتۇ:
— كەچۈرۈڭ، بابا مەن سىزنىڭ كۆتۈلمىگەن ئەھۋالغا يولۇققان چاغدىكى ئىنكاسىڭىزنى كۆرۈپ باقاي، دېگەنىدىم.
بۇ قېتىم يىگىت قاتتىق ۋارقىراپتۇ:
— نېمە؟ يۈز دوللار ئالىمەن، دەمسىز؟!

## كەتكىلى ئۇنىمايۋاتسا

بىر سودىگەر ئايالى ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا، ئۇنىڭغا: «قالغان ئۆمرۈمدە ھەرگىز خوتۇن ئالمايمەن» دەپ قەسەم قىلىپ بېرىپتۇ.
بۇ گەپ سودىگەرنىڭ ئاشنىسىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ، ئۇ ئاچچىقىدا ئۆزىنى باسالماي قاپتۇ.
— ئايالىڭ كېسەل ۋاقتىدا، ماڭا سېنى ئالىمەن، دەپ ۋەدە بەرگەنىدىڭ، — دەپتۇ ئاشنىسى سودىگەرنى ئىزدەپ كېلىپ، — ئەمدى بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟
— بۇ مېنىڭ يۈرەك سۆزۈم ئەمەس، — دەپتۇ سودى-

گەر چۈشەندۈرۈپ، — ماڭا زادىلا ئىلاج بولمىدى. چۈن-كى، ئايالىم، سېنىڭدىن شۇ سۆزنى ئاڭلىمىغۇچە، خۇدا-نىڭ دەرگاھىغا كەتمەيمەن، دەپ تۇرۇۋالدى ئەمەسمۇ!

## بۇ گەپكە نېمە دېگۈلۈك

— ۋايىەي، ئەھەبمۇ تويدۇم! — دېدى دېئانا ئاغرى-نىپ، — مېنىڭ بىرلا كىيىمنى كىيىپ سىرتقا چىقمۋات-قىنىمغا ئون كۈن بولدى.
— نۇنىڭغا زارلانىنىڭ ئورنى بارمۇ؟ — دېدى ئېرى ھەيران بولغان ھالدا، — مانا، مېنىڭمۇ بىرلا ئاپال بىلەن بۇ ئۆيدىن چىقمۋاتقىنىمغا ئون يىل بولدىغۇ!

## ئەتە دەپ بېرەي

ئىككى موماي باغچىدا ئولتۇرۇپ ئاپتاپسىنىپتۇ. ئۇ-لارنىڭ ھەر كۈنى مۇشۇنداق قىلىۋاتقىنىغا ئون نەچچە يىل بولغانىكەن.
بىر كۈنى، بىر موماي يەنە بىر مومايدىن سوراپتۇ:
— كەچۈرۈڭ، بىر گەپنى سورىماقچى ئىدىم، خاپا بولۇپ قالمىسىڭىزكەن، چۈنكى ئۆزۈممۇ ئىنتايىن خىجىل بولۇپ تۇرۇۋېتىمەن...
— قورۇنماي سوراۋېرىڭ! — دەپتۇ يەنە بىر موماي.
— شۇنچە يىللار ئۆتۈپتۇ، مەن سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن، شۇنچە ئويلاپمۇ زادى ئېسىمگە ئالال-

مايۋاتىمەن.

ھەمراھى ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قاراپ تۇرۇپ كەتكەن-دىن كېيىن دەپتۇ:

— ئەنە دەپ بەرسەم بولامدۇ؟

## گېپىدە تۇرۇش

بىر قىز ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىم تۇرماقچى بولۇپ، تولىمۇ تەسىنە ئۇلارنى ئۇنىتىپتۇ. لېكىن ئاتا - ئانىسى «ئەرلەرنى ئۆيۈڭگە ئەكىرمەيسەن» دېگەن شەرتنى قويۇپ-تۇ، قىزمۇ شۇنداق قىلىشقا ۋەدە بېرىپتۇ.

ئۈچ كۈندىن كېيىن، قىز ئۇزۇن يوللۇق بىلېتىنى بېرىپ ئۆز ئەھۋالىنى دوكلات قىپتۇ.

— ئەر كىشىنى ياتىقىڭغا كىرگۈزمىگەنسەن؟ — دەپ سورانىۇ ئانىسى جىددىيلەشكەن ھالدا.

— خاتىرجەم بول، ئاپا، مەن ئۇلارنى ئۆيۈمگە كىر-گۈزمىدىم، ئۆزۈم ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ تۇرۇۋاتىمەن.

## مەن ئاپامنى دورايمەن

جېننى بىلەن مايكىل توي قىلماقچى بوپتۇ. جېننى مايكىلنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئاتا - ئانىسى بىلەن كۆرۈشكەن-دە، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە كۆيۈنۈشى ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىپتۇ. ئۇ مايكىلغا دەپتۇ:

— ئۇلار بىر - بىرىگە بەك كۆيۈمچان ئىكەن. ئاپى-

ڭىر يېڭى ئورنىدىن تۇرمىغاندا، دادىڭىز قەھۋە دەملەپ
ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىدىكەن. سىز ئائىلىڭىزنىڭ مۇ-
نۇ ئادىتىگە ۋارىسلىق قىلالارسىزمۇ؟
— ئەلۋەتتە، بىراق مەن ئاپامنى دورايمەن.

## ئىششىق

ئۈچ نەپەر كىچىك ئوغۇل بالا پاراڭلىشىپ قاپتۇ.
ئا: تۈنۈگۈن ئاخشام ئاكامنى بىر پاشا چېقىۋالغان-
كەن. بىر قولى پورىدەك ئىسسىپ كەتتى.
ب: ئۇ قانچىلىك ئىسسى! ئۆتكەن ئايدا، ئاغامنى ھەرە
چېقىۋالغانىدى، بىر پۇتى كۆپەك ئىششىپ كەتتى.
س: ئاچامنى نېمە چېقىۋالدىكىنتاڭ، يېقىندىن بۇيان
ئۇنىڭ قورسىقى ھەدەپ ئىسسىپ كېتىۋاتىدۇ!

## خاتالىشىش

بىر كۈنى، بوھان خانىم ئېرى ئىشتىن قايتىپ كې-
لىشكە يېقىن ئىش كىيىمىنى كىيىپ ئۆينى پاكىز
نازىلاشقا كىرىشىپتۇ. ئۇ نازىلىقنى تۈگىتىپ بولغۇچە،
ئۈستىبېشى ۋە يۈز - كۆزى مەينەت بولۇپ كېتىپتۇ.
بوھان ئەپەندى ئۆيگە كېلىپ، ئايالىغا بىر قاراپتۇ -
دە، رەنجىگەن ئاھاڭدا دەپتۇ:
— بىر كۈن ئىشلەپ ھېرىپ - ئېچىپ ئۆيگە كەل-
سەم، سېنىڭ تۇرقۇڭ مۇشۇمۇ؟!

بۇ چاغدا، ئۇلارنىڭ قوشنىسى لىدا خانىم مۇشۇ ئۆيدە ئىكەن. ئۇ يوھان ئەپەندىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئۆيگە چىقىپتۇ - دە، يۈيۈنۈپ، چىرايلىق كىيىنىپ، ئۆزىگە يارىشىملىق پەرداز قىلىپ، ئېرىنىڭ ئىشتىن كې- لىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

لىدا خانىمنىڭ ئېرى قايتىپ كېلىپلا، ھارغىن ھالدا ئۆزىنى سافاغا تاشلاپتۇ ۋە ئالدىدا جىلمىيىپ تۇرغان ئايالى- غا پەرۋاسىزلىق بىلەن قاراپ سۆزلەپتۇ:

— ھە، بۈگۈن كەچ مېھماندارچىلىققا بارىدىغان ئوخ- شىمامسەن؟...

## ھەممەيلەن كۆرسۇن دەپ

سارا: توي قىلىشىنى بۇرۇن، مەن بىر يەرگە بارماق- چى بولسام، ھەر قېتىم تاكسا چاقىرىپ بېرەتتىڭىز، ھا- زىر نېمىشقا مېنى ئامىۋى ئاپتوبۇسقا سېلىپ قويىسىز؟

ۋىليام: شۇنىمۇ چۈشەنمەمسەن، سۆيۈملۈكۈم، بۇ دېگەن مېنىڭ سەندىن پەخىرلىنىدىغانلىقىمنىڭ ئىسپاتى. ئويلاپ باققىنا، تاكسىدا ئولتۇرساڭ، سېنى پەقەت تاكسا شوپۇرىلا كۆرىدۇ، ئاپتوبۇستا بولسا، ھەممە كىشى كۆرى- دۇ ئەمەسمۇ!

## يېلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ

روك خانىم ئېرىدىن ئاغرىنىپ دەپتۇ:

— مۇھەببەتلىشىپ يۈرۈۋاتقان چاغلىرىمىزدا، سىز ھەر كۈنى ماڭا بىر دەستە گۈل تەقدىم قىلاتتىڭىز، ھازىر نېمىشقا ئۇنداق قىلمايدىغان بولۇپ قالدىڭىز؟
— مەن سېنىڭدىن سوراپ باقاي، — دەپتۇ روك ئەپەندى، — بېلىقچى بېلىقنى تۇتۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بەنە يەمچۈك تاشلامدۇ؟

## ئۆچ ئېلىشنىڭ ئەپچىل ئۇسۇلى

مىجەزى گۈزەل چىرايىغا ماس كەلمەيدىغان بىر قىز قوشنىسىدىن مەسلىھەت سوراپتۇ:
— مەن تازا ئۆچ كۆرىدىغان بىر يىگىت توي قىلايلى، دەپ كەينىمگە كىرىۋالدى، قانداق قىلسام ئۇنىڭدىن قۇتۇلارمەن؟
— ئۇنىڭ بىلەن توي قىلسىڭىز بولمىدىمۇ؟!
— توي قىلسام؟ نېمە دېگىنىڭىز بۇ! ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغۇچە، ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغىنىم ياخشىراق.
— ماڭا ئىشىنىڭ! ئۇنىڭغا تەگسىڭىز، سىلەر توي قىلىپ ئىككى ئايغا بارمايلا ئۇنىڭ ئۆزى ئېسىلىپ ئۆلۈۋالىدۇ.

رومغا بېرىپ ئۆچۈشنى مەشىق قىلىدىكەن. ئۇ كېتىپ بىر سائەتتىن كېيىن، ئايالى ئاق شارپىنى بوينىغا چېگىپ دېڭىز بويىدا سەيلە قىلىدىكەن. ئېرى ھەيدىگەن ئايروپىلان بۇ يەردىن ئۆتكەندە، ئۇ شارپىنى پۇلاڭلىتىدىكەن. ئېرى بۇنى كۆرگەندىن كېيىن، ئايروپىلانىنىڭ ئوڭ ياكى سول قانىتىنى قىيسايتىپ قويىدىكەن. ئۇنىڭ سول قاناتنى قىيسايتقىنى «بۈگۈن مەن بەك ئالدىراش، ئۆيگە قايتالمايمەن» دېگىنى، ئوڭ قاناتنى قىيسايتقىنى «سىزنى سەككىز سائەتتىن كېيىن باغرىمغا باسىمەن» دېگىنى ئىكەن.

بىر كۈنى، ئوفېتسىر ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى سەككىز ئۇچقۇچى ئايروپىلانلىرىنى ھەيدەپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندا، ئوفېتسېر ئايالىنىڭ شارپىسىنى پۇلاڭلاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، ئايروپىلانىنىڭ ئوڭ قانىتىنى قىيسايتىپ ئۇچۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن سەككىز ئۇچقۇچىمۇ ئايروپىلانلىرىنى ئوڭغا قىيسايتىپتۇ...

## ئېنىق كۆرەلمەسلىك

كېچە سائەت ئىككى بولغانىدى. چاقچاقلىغىنا بىر ئىشرەتخانىدا قىمار ئويناپ چارچىغان ئىككى ئەر كىشى ئۆيىگە قايتماقچى بولۇپ ئىشىك تەرەپكە مېڭىشىغا، پۇزۇر كىيىنگەن بىر ساھىبجامال ئايال كىرىپ كەلدى ـ دە، قىمار جوزىسىغا ئىككى مىڭ دوللارنى تاشلاپ، بۇ پۇللارنى بىراقلا دوغا تىككىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنچە جىق پۇلنى كۆرگەن ئىككى ئەر كىشى قىزىقىپ قالدى.

— كىچىككىنە تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار! — دېدى

ئايال نازلىق كۈلۈپ ۋە ياندىكى ئارامخانىغا كىرىپ كەتتى.

بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن، ئايال قىپيالىڭاچ ھالدا ئارامخانىدىن چىقتى ۋە ھېچنەرسە بولمىغاندەك قىياپەتتە شىشخالىنى قولىغا ئېلىپ جوزىغا ئاتتى ـ دە:

— يەتتە! مەن ئۇتتۇم! — دەپ توۋلىدى، ئاندىن ئۆزىنىڭ ۋە ئىككى ئەرنىڭ پۇللىرىنى يىغىشتۇرۇپ، يەنە ئارامخانىغا كىرىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن، ئۇ كىيىمـ لىرىنى كىيگەن ھالدا چىقىپ، ھېلىقى ئىككى ئەر كىشىگە نازلىق تەبەسسۇم قىلىپ قويۇپ، ئىشرەتخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئىككى ئەر ھاڭۋاققىنىچە بىردە ئىشىككە، بىردە بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

— سەن يەتتە خالنى ئېنىق كۆردۇڭمۇ؟ — دېدى بىرەيلەن بىر چاغدا ھوشىنى تېپىپ.

— ياق، مەن تېخى سېنى ئېنىق كۆرگەن چېغى دەپتىمەن!

## ئىككىنچى ئايال

ئوتتۇرا ياشلىق، تۇرقىدىن ناھايىتى باي ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن زىبۇزىنەت دۇكىنىغا كىرىپتۇ. ئۇلار ئىككى دانە ئالتۇن بىلەزۈكنى ئۇيان ئۆرۈپ، بۇيان ئۆرۈپ خېلى ئۇزاققىچە كۆرۈپتۇ. بۇ بىلەزۈكلەرنىڭ بىرى ناھايىتى قىممەت، يەنە بىرى ئەرـ زانراق ئىكەن. ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىلەن خېلى مەسلىھەتـ لىشىپمۇ قايسىسىنى ئېلىش ئۈستىدە كۆڭلىنى توختىتالـ ماپتۇ.

— خانىم، — دەپتۇ دۇكان خوجايىنى، — ئېرىڭىزنى جىقراق پۇل خەجلىتىۋېلىڭ، بولمىسا، ئۇ كېيىن بۇ پۇللارنى كېيىنكى ئايالىغا خەجلەپ بېرىدۇ.

بىردەملىك تىمتاسلىقتىن كېيىن، ھېلىقى ئايال سەرراپقا ئاچچىقى بىلەن ۋارقىراپتۇ:

— مانا مەن دەل ئۇنىڭ كېيىنكى ئايالى!

## جانلىق چۈشەندۈرۈش

تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقان بىر قىزچاق دادىسىدىن «خاپا بولۇش» بىلەن «ئاچچىقلىنىش» نىڭ پەرقىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى ئۆتۈندى. دادىسى تېلېفون تورۇپكىسىنى قولىغا ئېلىپ، خىيالىغا كەلگەن بىر تېلېفون نومۇرىنى باستى ـ دە:

— ئوبدان تىڭشا، — دېدى قىزىغا، ئاندىن تېلېفوننى قوبۇل قىلغۇچىغا سۆزلىدى، — ۋەي، مالۇېن بارمۇ؟

— سىز تېلېفون ئۇرۇشتىن بۇرۇن تېلېفون نومۇرىغا ئوبدان قارىۋېتىڭ! — دېدى قارشى تەرەپ رەنجىگەن ئاھاڭدا.

ئاتا يەنە ھېلىقى نومۇرنى باستى ۋە:

— مالۇېن ئۆيدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— قانداق گەپ بۇ؟! — تېلېفوننى قوبۇل قىلغۇچى ۋارقىرىدى، — بايىلا مەن سىزگە بۇ ئۆيدە مالۇېن ئىسىملىك ئادەم يوق، دېگەنىدىمغۇ! — ئۇ تورۇپكىنى تاراققىدە قويۇۋەتتى.

— كۆردۈڭمۇ؟ — دېدى ئاتا قىزىغا، — مانا بۇ «خاپا

بولۇش» دېگەن شۇ. ئەمدى ساڭا «ئاچچىقلىنىش» نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قوياي.

ئاتا يەنە ھېلىقى نومۇرنى باستى ۋە قارشى تەرەپنىڭ «ۋەي!» دەپ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سورىدى:

— مەن مالۋېن، بايا سىز تېلېفون بېرىپ مېنى ئىزدىگەنمىدىڭىز؟...

## سەۋەب

— ھېچ چۈشىنەلمىدىم، قىزلار نېمىشقا بويى ئېگىز يىگىتلەرنى ياخشى كۆرىدىغاندۇ؟

— بۇنىڭ چۈشىنەلمىگۈدەك نېمىسى بار؟ ئېگىز بويلۇق ئەرلەر ئايالىغا گەپ قىلغاندا، چوقۇم بېشىنى ئېگىشى كېرەك. قىزلارنىڭ ئېگىز بويلۇق ئەرلەرنى ياخشى كۆرۈشىدىكى سەۋەب مانا شۇ!

## پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك

ئادەملەر مىغىلداپ كەتكەن سودا سارىيىنىڭ رادىئو كانىيى تۇيۇقسىز ياڭراپ كەتتى:

— ھۆرمەتلىك خېرىدارلار، دىققەت قىلىڭلار، چاقماق كۆڭلەك، كۆك رەڭلىك پادىچى ئىشتىنى كىيگەن تۆت ياشلىق بىر ئوغۇل بالىنى تېپىۋالدۇق. بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى مۇلازىمەت مۇنبىرىگە كېلىپ بالىنى تاپشۇرۇۋالسۇن!

ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن بىر ئايال بۇ گەپنى ئاڭلاپ، يېنىدىكى ئەرگە دېدى:

— ئۇھ، ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم! قەدىرلىكىم، بالىمىزمۇ تېپىلدى، ھازىر ئۇنىڭغا قاراپ تۇرىدىغان ئادەممۇ بار بولدى. بىز بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ئالماقچى بولغان نەرسىلىرىمىزنى ئېلىۋالايلى!

## نەرىمنى ياخشى كۆرىسىز

ئايال: سىز مېنىڭ قايسى يېرىمنى ئەڭ ياخشى كۆرىسىز؟ تۇغما گۈزەللىكىمنىمۇ ياكى زىلۋا بويۇمنىمۇ؟

ئەر: مەن··· مەن سىزنىڭ مۇشۇنداق قىزىقچىلىقىڭىزنى ئەڭ ياخشى كۆرىمەن.

## مۇناخ قىز ۋە ھاراق

بىر ھاراقكەش قاۋاقخانىنىڭ ئالدىغا كېلىشىگە، بىر مۇناخ قىز كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توستى:

— ھاراق دېگەن جىنايەت ۋە ھالاكەتنىڭ يىلتىزى، ئۇ تېنىڭىزنىلا ئەمەس، روھىڭىزنىمۇ بۇلغايدۇ. ھاراقنى تاشلاپ توغرا يولغا مېڭىڭ.

ھاراقكەش مۇناخ قىزغا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ سورىدى:

— سىز ئۆمرىڭىزدە ھاراق ئىچىپ باققانمۇ؟

— ئىچمىگەن. ھازىر بىر ئىچىپ باقايمۇ يا؟ بىراق،

مەن قاۋاقخانىدا يۈرسەم خەق نېمىدەپ ئويلاپ قالىدۇ؟ مۇنداق قىلايلى، سىز كىرىپ ماڭا بىر ئىستاكان هاراق ئاچىقىپ بېرىڭ، ئېسىڭىزدە بولسۇن، قەغەز ئىستاكاندا ئاچىقىڭ جۇمۇ.

هاراقكەش قاۋاقخانىغا كىرىپ كۆتكۆچىگە دېدى:

— ئىككى ئىستاكان ۋىسكى، بىرى قەغەز ئىستاكان بولسۇن.

كۆتكۆچى غۇدۇردى:

— هېلىقى مۇناخ قىز يەنە كەپتۇ ـ دە!

## تەسەۋۋۇر

ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان بىر ئايال دوختۇرغا كۆرۈنۈپتۇ.

— كەچتە ئۇخلاش ئۇچۇن ياتقان چېغىڭىزدا، — دەپتۇ دوختۇر ئۇنى تەكشۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، — دېڭىز ساھىلى ۋە مەنزىرىلىك جايلاردا سەيلە قىلىۋاتىمەن، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ، رىتىملىق نەپەس ئېلىپ بېرىڭ.

ئىككى كۈن ئۆتۇپ، هېلىقى ئايال يەنە كەپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ زادىلا ئۇخلىيالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

دوختۇر سوراپتۇ:

— مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلدىڭىزمۇ؟

— تامامەن شۇنداق قىلدىم!

— هېچ چۈشىنەلمىدىم، نېمىشقا مەسلىھەتىمنىڭ ئۇ-نۇمى بولمىغاندۇ؟

— مەنمۇ چۈشىنەلمىدىم. ئۆزۈمنى دېڭىز ساھىلىدا

تۇرۇۋاتىمەن، دەپ تەسەۋۋۇر قىلسام، ئىككى يىل بۇرۇن تۇگەپ كەتكەن ئېرىم بىلەن سۇ ئۈزۈش كىيىمى كىيىۋې-لىپ ساھىلدا قوغلىشىپ يۈرگەنلىرىمىز كۆز ئالدىمغا كې-لىۋېلىپ، مېنى تېخىمۇ ئۇخلاتمايدىكەن.

## ئۇنۇمى ئوخشاش

تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى ئايال بىمارغا قويۇقلۇق دەرىجىسى تۆت پىرسەنتلىك ناركوزدىن بىر بوتۇلكا ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇدى. بىمار قويۇقلۇق دەرىجىسى ئىككى پىرسەنتلىك ناركوزدىن ئىككى بوتۇلكا كۆتۈرۈپ كىرىپ دېدى:

— دورىگەر: «بۇنىڭ ئۇنۇمى قويۇقلۇق دەرىجىسى تۆت پىرسەنتلىك ناركوز بىلەن ئوخشاش» دەيدۇ.

دوختۇر قاتتىق خاپا بولۇپ، بىمارغا ناركوزنى دورى-گەرگە قايتۇرۇۋېتىشنى ئېيتتى.

— ئۇنىڭدىن سوراپ بېقىڭ، — دېدى دوختۇر يەنە، — ئەگەر ئۇ يىگىرمە ياشلىق قىز تاپالمىسا، ئون ياشلىق ئىككى قىز بىلەن توي قىلسا بولامدىكەن؟

## ئۇمۇ يولۇچىلاردەك ئولتۇرسۇن

بىر ئايال ئىتىنى يېتىلەپ ئاپتوبۇسقا چىقتى. بۇ ئىت بەكمۇ يوغان ھەم مەينەت ئىدى.

— ئىتقىمۇ بىر بېلەت ئالسام، ئۇمۇ يولۇچىلارغا

ئوخشاش بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرسا بولامدۇ؟ — ئايال بېلەتچىدىن سورىدى.

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، خانىم. بىراق، ئۇ يولۇقچىلاردەك ئولتۇرۇشى كېرەك، پۇتىنى ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە قويمىسۇن.

## جىن

بىر قىز كەچقۇرۇنلۇقى قەدىمىي بىر قەلئەنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا بېرىپتۇ. ئۇ ساياھەت يېتەكچىسىگە ئۆزىنىڭ جىنغا يولۇقۇپ قېلىشتىن قورقۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— قورقماڭ، — دەپتۇ ساياھەت يېتەكچىسى، — مەن بۇ يەردە شۇنچە ئۇزۇن يىل ئىشلەپمۇ بىرەر قېتىم جىن - پەرى دېگەننى كۆرۈپ باقمىدىم.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈرىكى جايىغا چۈشكەن قىز ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— سىزنىڭ بۇ يەردە ئىشلەۋاتقىنىڭىزغا نەچچە يىل بولدى؟

— ئۈچ يۈز يىل!

## باش ئاغرىقى

ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان قىزىنى يوقلاپ باردى. خوشلىشىدىغان چاغدا، دادىسى قى-

ـزىغا باش ئاغرىقىنى توختىتىدىغان بىرمۇنچە دورا ئېلىپ بەردى. بىر ئايدىن كېيىن، ئاتا قىزىغا تېلېفون بېرىپ سورىدى:

— قانداقراق، ھېلىقى دورىلار باش ئاغرىقىڭغا پايدا قىلدىمۇ؟

— تاڭەي! — دېدى قىز، — ئىشقىلىپ سىلەر كەتكەندىن كېيىن بېشىم بىر قېتىممۇ ئاغرىپ باقمىدى.

## پاتقۇدەك يېرى قالمىدى

ۋېلسون ئەپەندى بىر زىياپەتكە باردى. بىر چاغدا، ئايال ساھىبخان كېلىپ، ۋېلسون ئەپەندىگە:

— تارتىنماڭ، تاتلىق - تۈرۈملارغا كۆپرەك ئېغىز تېگىڭ، — دېدى.

— رەھمەت، يېتەرلىك يېدىم، قورسىقىمنىڭ بوش يېرى قالمىدى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ئايال ساھىبخان قىزغىنـ ـلىق بىلەن، — بۇلاردىن خالىغىنىڭىزچە ئېلىۋېلىڭ، ئۆيـ ـگە بارغاندا يەرسىز.

— رەھمەت، بۇنىڭ كېرىكى يوق، — دېدى ۋېلسون ئەپەندى قىزىرىپ، — يانچۇقۇمنىڭ بوش يېرى قالمىدى.

## ئائىلە كارخانىسى

ئوماققىنا بەش بالىنىڭ ئانىسى ئاننا ئېرى بىلەن

زىياپەتكە بېرىپتۇ.

زىياپەتتىكى ئاياللار ھە دەپ ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئورنى ۋە ۋەزىپىسى بىلەن ماختىنىشقا باشلاپتۇ. بىر چاغدا، ئۇلاردىن بىرى ئانىنادىن سوراپتۇ:

— ئېيتىڭا، سىز قايسى ئىشنى باشقۇرىسىز؟

— مەن ئىشلىرى ناھايىتى روناق تاپقان بىر كىچىك ئائىلە كارخانىسىنى باشقۇرىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئانىنا.

## ئەنسىرەش

ۋىلىيام نېرۋا كېسەللىكلەر دوختۇرىغا:

— ئايالىمنىڭ كاللىسىدىن چاتاق چىققاندەك تۇرىدۇ. ئۇ كىيىملىرىمنى ئوغرى ئېلىپ كېتەرمىكىن، دەپ ئەنسىرەپلا يۈرىدىغان بولۇپ قالدى، — دەپتۇ.

— قانداق ئالامەتلىرى بار؟

— بىر كۈنى ئىشتىن بالدۇر كەلسەم، ئۇ بىر ئەر كىشىنى كىيىملىرىنى ساقلاشقا ياللىۋېلىپ، ئىشكاپقا سولاپ قويۇپتۇ...

## ئەڭ جاپالىق ۋاقىت

تۇغقىلىۋاتقان بىر ئايالنىڭ قورسىقىنىڭ ئاغرىقى بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئىنجىقلىغان ھالدا سېستىرادىن سوراپتۇ:

— بۇ تۇغۇتتىكى ئەڭ جاپالىق ۋاقىتمۇ؟
— ياق، — دەپتۇ سېستىرا، — ئەڭ جاپالىق ۋاقىت يەنە ئون سەككىز يىل داۋام قىلىدۇ.

## قايغۇلۇق قىياپەت

ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان مارگارېت خانىم ئۆزىنىڭ مال - دۇنياسىغا ۋارىسلىق قىلىشقا ئالدىراپ كېتىۋاتقان جىيەنلىرىگە دېدى:
— يېقىندىن بېرى سالامەتلىكىم بارغانسېرى ياخشىلىنىپ كېتىۋاتقاندەك قىلىدۇ.
بىر جىيەنى بىئارام بولغان هالدا سورىدى:
— نېمىگە ئاساسەن شۇنداق دەيسىز؟
— سىلەرنىڭ چىرايىڭلاردا بارغانسېرى كۆچىيىۋاتقان قايغۇلۇق قىياپەتكە قاراپ!

## ئاۋۋال مۇشۇكنى چىقىرىۋالاي

ماپلى خانىم دوختۇرغا يېرىم كېچىدە تېلېفون بېرىپتۇ:
— دوختۇر، ئۆيۈمگە تېز كەلگەن بولسىڭىز. ئېرىمنىڭ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئۇخلايدىغان ئادىتى بار ئىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئاغزىغا بىر چاشقان كىرىپ كەتتى!
— ئون مىنۇتقىچە يېتىپ بارىمەن، — دەپتۇ دوختۇر، — مەن يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن، سىز بىر -

ئىككى تال سۈت كەمپۈتنى ئېرىگىمىزنىڭ ئاغزىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويۇڭ، ئۇلار چاشقاننى ئالداپ چىقىرىشى مۇمكىن.

بىردەمدىن كېيىن دوختۇر كەپتۇ. قارىسا، ماپلى خانىم ئېرىنىڭ ئاغزىغا بىر تال بېلىقنى تەڭلەپ تۇرغۇدەك.

— نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ — دەپتۇ دوختۇر، — چاشقان بېلىق يېيىشنى ياقتۇرمايدۇ.

— بۇنى مەنمۇ بىلىمەن، — دەپتۇ ماپلى خانىم، — بىراق مەن ئالدى بىلەن مۈشۈكنى ئالداپ چىقىرىۋېلىشىم كېرەك ـ دە!

## يېزىنەمگە ئەۋەتىپ بېرىڭ

سام پۇتىنى سۆرىگىنىچە دوختۇرخانىغا كىرىپ، ياتاق بۆلۈمىدىكى سېستراغا دەپتۇ:

— مەن بىر كۆك نامرات، مېنى ئۈچىنچى دەرىجىلىك ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسىڭىز.

— سىزگە ياردەم قىلغۇدەك ئادىمىڭىز يوقمۇ؟

— يوق! بىرلا ئاچام بار، ئەمما ئۇ مۇناخ، ماڭا ئوخشاش نامرات.

— بۇ گېپىڭىز قاملاشمىدى، — دەپتۇ سېسترا خاپا بولۇپ، — مۇناخ دېگەن ئىنتايىن باي، چۈنكى ئۇ خۇدا بىلەن توي قىلغان.

— شۇنداقمۇ؟ ئەمىسە، مېنى بىرىنچى دەرىجىلىك ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇڭ، ھېسابات تالونىنى يېزنەمگە ئەۋە-

تىپ بېرىڭ!

## بەلگىلىمىنىڭ سىرتىدىكى ھەق

— كرىستىېن خانىمىز، سىز بەش دوللار داۋالاش ھەقىقى تۆلەيسىز؟

— نېمىشقا ئەمدى؟ سىز بايا پەقەت بىر دوللار ئالىمەن، دېگەنىدىڭىزغۇ؟

— شۇنداق دېگىنىم راست، بىراق مەن سىزنىڭ چىشىڭىزنى يۇلۇپ بولغۇچە قىيا - چىيا قىلىپ، تۆت بىمارنى قاچۇرۇۋەتتىڭىز - دە...

## ئەگەر ماشىنا ھادىسىسى يۈز بەرسىچۇ

بىر ئايال تاكسىغا ئولتۇرۇپتۇ.

— شوپۇر، — دەپتۇ ئايال، — مېنى ۋوگزالغا ئاپىرىپ قويىسىڭىز.

— چاتاق يوق، خانىم.

— ماشىنىنى ئاستا ھەيدەڭ، سەگەك بولۇڭ؛ ساقچى قولىنى چۇشۇرمىگۇچە ماشىنىنى قوزغاتماڭ؛ يامغۇردا يول ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ، دوقمۇشلاردىن تېز قايرىلماڭ...

شوپۇر ئاچچىقى بىلەن سوراپتۇ:

— ماقۇل، خانىم! ئېيتىڭا، بىز راستتىنلا ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچرىساقچۇ؟ سىز قايسى دوختۇرخانىغا بې-

ـرىشنى خالايسىز؟

## ئاجراشماسلىقنىڭ سەۋەبى

مالۋىن ئەپەندى بىلەن مالۋىن خانىم ئاجراشماقچى بوپتۇ. ئۇلارنىڭ سوت مەھكىمىسىگە بېرىش يولىدا كەلگ، ئەمما سۇيى تېيىز بىر دەريا بار ئىكەن.

— مەن سېنى ھاپاش ئېتىپ دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قوياي، — دەپتۇ مالۋىن ئەپەندى ئايالىغا.

مالۋىن خانىم ئېرىگە ھاپاش بولۇپ دەريادىن ئۆتۈۋاپـتۇ. يەنە بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، ئۇ ئېرىگە دەپتۇ:

— بولدىلا، بىز ئاجراشمايلى، ئۆيگە قايتىپ كېتەيـلى!

— شۇنچە چاغدىن بېرى «ئاجرىشىمەن» دەپ بېشىمـنى ئوچاق ئەتكەن ئۆزۈڭغۇ! ئەمدىن نېمە بولدۇڭ؟

— ئۇغۇ شۇنداق، — دەپتۇ مالۋىن خانىم، — بىراق ئاجرىشىپ قايتىپ كەلگەندە، مېنى دەريادىن كىم ئۆتكۈـزۈپ قويىدۇ؟

## سېغىز كەمپۈتنىڭ رولى

ئايروپىلان كۈتكۈچىسى يولۇچىلارغا دېدى:

— بۇ يەردە سېغىز كەمپۈت بار، خالىغىنىڭلارچە ئىشلەتسەڭلار بولىدۇ. ئايروپىلان ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندا، سېغىز كەمپۈتنىڭ قۇلاققا پايدىسى بار.

بىر سائەتتىن كېيىن، ئايروپىلان يەرگە قوندى. بىر يولۇچى كۈتكۈچىدىن سورىدى:

— خانقىز، ئېيتىڭا، قولىقىمغا تىقىۋالغان سېغىز كەمپۈتنى قانداق چىقىرىمەن؟

## خەتنى ئەۋەتىپ بېرىش

ئېدۋارد ئەپەندى دېڭىز ساھىلىغا دەم ئېلىشقا بېرىش ئالدىدا، تۇرالغۇسىنىڭ ئايال خوجايىنىغا دوستلىرىدىن كەلگەن خەتلەرنى ئۆزىگە ئەۋەتىپ بېرىشنى تاپىلىۋىدى، ئۇ قىزغىنلىق بىلەن ماقۇل بولدى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى، بىراق ئېدۋارد ئەپەندى بىر پارچىمۇ خەت تاپشۇرۇۋالمىدى. شۇنچە كۆپ دوستلىرىنىڭ بىرىنىڭمۇ خەت يازماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن، ئېدۋارد ئەپەندى ئايال خوجايىنغا تېلېفون بەردى:

— خانىم، نېمە ئۈچۈن ماڭا كەلگەن خەتلەرنى ئەۋەتىپ بەرمەيسىز؟

— ئەپەندى، سىز خەت ساندۇقىڭىزنىڭ ئاچقۇچىنى قويۇپ قويمىغان تۇرسىڭىز، مەن خەتلەرنى قانداق ئەۋەتىپ بېرەلەيمەن؟

«توغرا! — دەپ ئويلىدى ئېدۋارد ئەپەندى سەگەكلىشىپ، — ئاچقۇچ بولمىسا، خەت ساندۇقىنى ئاچقىلى بولمايدۇ ـ دە!»

ئۇ ئاچقۇچنى كونۋېرتقا سېلىپ، پوچتىغا سېلىۋەتتى.

يەنە بىر ئاي ئۆتتى، يەنىلا خەت كەلمىدى. ئېدۋارد ئەپەندى دەم ئېلىشتىن قايتىپ كېلىپ، خاپا بولغان هالدا ئايال خوجايىندىن سورىدى:

— نېمە قىلغىنىڭىز بۇ، خانىم؟ ئاچقۇچنى ئەۋەتىپ بەرسەمۇ يەنىلا خەتلەرنى ئەۋەتىپ بەرمىدىڭىزغۇ؟

— ئەپەندى، سىز ئاچقۇچنى سالغان كونۋېرتمۇ خەت ساندۇقىڭىزدا تۇرسا، ئۇنى قانداق ئالالايمەن؟...

## مالىيە مىنىستىرى

يېڭى توي قىلغان بىر جۈپ ئەر - خوتۇن ئائىلە ئىشلىرى توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپتۇ.

ئەر: سۆيۈملۈكۈم، تويدىن كېيىنكى تۇرمۇشىمىز توغرىسىدا سۆزلىشىۋالايلى. سىز ئائىلىمىزنىڭ باش مى-نىستىرى بولۇشنى خالامسىز ياكى مۇئاۋىن باش مىنىستى-رى بولۇشنىمۇ؟

ئايال: ۋىيەي، جېنىم، مەن ئۇنچە چوڭ ھوقۇقنى تۇتۇشقا ھەرگىز پېتىنالمايمەن. ماڭا كىچىكرەك ۋەزىپىنى بەرسىڭىزلا بولدى.

ئەر: قايسى ۋەزىپىنى؟

ئايال: مالىيە مىنىستىرلىكىنى!

## ئاجرىشىشنىڭ سەۋەبى

سودىيە بىر ئەردىن سوراپتۇ:

— سىز نېمە ئۈچۈن ئايالىڭىز بىلەن ئاجراشماقچى بولۇپ قالدىڭىز؟

— چۈنكى، ئۇ ھەر كۈنى كەچتە بىرنەچچە مەيخانىغا بارىدۇ.

— ئۇ هاراقكەش ئىكەن ـ دە؟

— ياق. ئۇ ھەر كۈنى كەچتە مەيخانىمۇمەيخانە ئىز-دەپ يۈرۈپ، مېنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كېتىدۇ.

## «كېرەكسىز قەغەز»لەرنىلا كۆيدۈردۈم

رېك ئەپەندى يېرىمى يېزىلىپ بولغان ئەسىرىنى ئۈس-تەل ئۈستىگە قويۇپ قويۇپ، ئۆزى بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇ قايتىپ كەلگەن چاغدا، ئۈستەلنىڭ رەتلىك يىغىشتۇرۇپ قويۇلغانلىقىنى، ئەسەر ئورىگىنالى-نىڭ يوقلۇقىنى بايقىدى ـ دە، جىددىيلەشكەن ھالدا ئايا-لىدىن سورىدى:

— ژىرا، سەن ئۈستەلدىكى ھەممە قەغەزلەرنى كۆيدۈ-رۈۋەتتىڭمۇ؟

— سىز مېنى شۇنچە دۆت كۆرۈۋاتامسىز؟ — دېدى ئايالى رەنجىگەن ھالدا، — مەن پەقەت خەت يېزىلىپ بولغان قەغەزلەرنىلا كۆيدۈردۈم.

## تۇغۇتنى چەكلەش

ئاياللار كۇلۇبى ھەر جۈمە كۈنى يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ،

بىر مەشھۇر كىشىنى نۇتۇق سۆزلەشكە تەكلىپ قىلاتتى. بىر كۈنى، بىر مۇتەخەسسىس ئاشلىق توغرىسىدا نۇتۇق سۆزلىدى.

— ھازىر ئاشلىق ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ، — ئاشلىق كۆپ ئىشلەپچىقىرىلىۋاتقىنى بىلەن، بالىلارمۇ كۆپ تۇغۇلماقتا. بۈگۈنكى دۇنيادا ھەر مىنۇتتا بىر ئايال مەلۇم بىر جايدا بالا تۇغىدۇ. شۇڭا، بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

بىر ئايال سۆز قىستۇردى:

— ئۇنداقتا، بىز نېمە ئۈچۈن شۇ ئايالنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلمايمىز؟

## ئادەمنى قورقۇتىدىغان گىرىم

نارا خانىم ھۆسن تۇزىگۈچىگە ئۆزىنى پەرداز قىلدۇردى. بىردەمدىلا ئۇنىڭ لەۋلىرىگە قىپقىزىل لەۋسۇرۇخ سۈرۈلدى، كۆزلىرىگە سۈرمە تارتىلدى، كىرپىكلىرى لاكلاندى...

ئۇ ئۆز گىرىمىنىڭ ئۆيدىكىلەرگە قانداق تەسىر قىلىشىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ، قارا كۆزەينەك تاقىغىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەلدى. بەش ياشلىق ئوغلى ئۇنىڭغا قاراپ بىرھازاغىچە ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپ قېلىپ، كېيىن:

— ئاپا، سەن ئاپامغا ئوخشىمايلا قاپسەن! — دېدى.

نارا خانىم ئىنتايىن بىئارام بولغان ھالدا سورىدى:

— ئەمىسە، مەن ھەممە گىرىمىنى يۇيۇۋەتسەم بول-

غۇدەك - دە؟ !

— ياق، ھازىرچە ئۇنداق قىلماي تۇر، ئاپا، — دېدى چوڭ ئوغلى، — ئۇكام ئارقا ھويلىدا ئويناۋاتىدۇ، بىز ئۇنى بىر قورقۇتۇۋېتەيلى!

## ئەر - خوتۇن ۋە ئانا - بالا

قار - شىۋىرغانلىق كېچە. بولكىخانىنىڭ خوجايىنى ئىشىكنى تاقاي دەپ تۇرۇشىغا، بىر ئادەم بولكا ئالغىلى كەلدى. خوجايىن بۇ ئادەمنىڭ قەھرىتان سوغۇق بولۇۋاتقان كېچىدە ئاران بىر بولكا ئېلىش ئۈچۈن شۇنچە يولنى بېسىپ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىدىن قاتتىق ھەيران بولۇپ سورىدى:

— سىز توي قىلغانمۇ؟

— توي قىلغانلىقىم بىلىنىپ تۇرمامدۇ مانا! — دېدى ھېلىقى ئادەم توڭلاپ كەتكىنىدىن دىر - دىر تىترىگەن ھالدا، — ئەگەر ئاپام بىلەن بىللە تۇرغان بولسام، بۇنداق ھاۋادا ئۇ مېنى تالا چىققىلى قويارمىدى؟ !

## ھېلىمۇ ياخشى...

بىر قېتىملىق ئاياللار سۆھبەت يىغىنىدا، ياشىنىپ قالغان بىر ئايال ئۆزىنىڭ لايىق تاللاشقا بولغان كۆزقارىشىنى بايان قىلىپ كېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئېرىمنى ئاتا - ئانام ماڭا تاللاپ بېكىتىپ بەر-

گەن، مەن بۇنىڭدىن تا هازىرغىچە خۇشال.

سىر ئايال هەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— سىز بۇنىڭ نېمىسىگە خۇشال بولىسىز؟

— چۈنكى، — دەپتۇ هېلىقى ئايال، — ئەگەر ئۇنى ئۆزۈم تاللىۋالغان بولسام، پۈتۈن ئۆمرۈم پۇشايمان بىلەن ئۆتكەن بولاتتى.

## چوڭ ئىشلار ۋە كىچىك ئىشلار

سىر كىشى دوستىغا ئۆزىنىڭ تويدىن كېيىنكى خاتىرىجەم ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ سىرىنى دەپ بېرىپتۇ:

— كىچىك ئىشلاردا ئايالىمنىڭ دېگىنى هېساب، چوڭ - چوڭ ئىشلاردا بولسا، مېنىڭ دېگىنىم دېگەن بولىدۇ! شۇنداق بولغاندىكىن، ئارىمىزدا بىرەر قېتىم بىر- بىرىمىزدىن ئاغرىنىدىغان، بىر - بىرىمىزگە دەخلى يەتكۈزىدىغان، ئۆزئارا ئۇرۇش - جېدەل قىلىدىغان ئىشلار يۈز بېرىپ باقمىدى.

— بۇ بولىدىغان گەپ ئىكەن! — دەپتۇ دوستى، — ئۇنداقتا، قانداق ئىشلاردا ئايالىڭنىڭ دېگىنى هېساب بولىدۇ؟

— مەسىلەن، ئۇ مېنىڭ قايسى خىزمەتنى ئىلتىماس قىلىشىم كېرەكلىكىنى، بىزنىڭ قانداق ئۆيدە ئولتۇرۇشىمىزنى، قانداق ئۆي جابدۇقلىرىنى سېتىۋېلىشىمىزنى، نەگە بېرىپ دەم ئېلىشىمىزنى بېكىتىدۇ.

— ئەمىسە، سەنچۇ؟

— كىمنىڭ باش مىنىستىر بولۇشى، نامرات دۆلەت-

لەرگە بېرىلىدىغان ياردەمنى كۆپەيتىش - كۆپەيتمەسلىك، يادرو بومبىسىغا قارىتا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش قاتارلىق چوڭ ئىشلاردا مېنىڭ دېگىنىم دېگەن بولىدۇ.

## كىچىككەن تەربىيە

موماي توققۇز ياشلىق قىز نەۋرىسىنىڭ مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن «سېرىق» تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى كۆرىدىغانلىقىنى بايقاپ قالدى. بىر كۈنى، ئۇ نەۋرىسىگە ھەمراھ بولۇپ تېلېۋىزور كۆرگەچ، ئۇنىڭغا تەربىيە بەرمەكچى بولدى.

— مارى، — دېدى ئۇ تېلېۋىزور كۆرۈۋېتىپ، — بۇ ھېكايىلەرنىڭ ھەممىسى توقۇلما. رېئال تۇرمۇشتا كىشىلەر تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىپلا بىللە ياتمايدۇ.

— بۇنى بىلىمەن، موما، - دېدى مارى مەغرۇر ھالدا، — ئۇلار ئاۋۋال بىرەر رومكىدىن ئىچىشىدۇ...

## ئوچۇق كۆڭۈل ئايال

— چىرايىڭىز بەكلا ناچار تۇرىدۇ، — دېدى دوختۇر فرىد ئەپەندىگە، — سىز مېنىڭ دېگىنىم بويىچە ئىش كۆرۈشىڭىز كېرەك. ئالدى بىلەن، ئۆزىڭىزنىڭ قۇۋۋەتلىك يېمەكلىكلەرنى يېيىشىڭىز كېرەكلىكىنى، قاتتىق چارچاپ كەتسىڭىز بولمايدىغانلىقىنى ئايالىڭىزغا ئېيتىڭ. يەنە، ئايالىڭىز سىز تۇزگەن ئائىلە خامچوتىڭىزغا قاتتىق

ئەمەل قىلمىشى، بالىلىرىڭىزغا ياخشى قاراپ، سىزنى ئۆيـ
ـدان ئارام ئالدۇرۇشى كېرەك. ئەگەر مۇشۇ ئىشلارغا
دىققەت قىلىنمايدىغان بولسا، سىز بىر ئايمۇ ياشىيالمايـ
ـسىز.

— ناھايىتى ياخشى دېدىڭىز، دوختۇر، — دېدى فرىد
ئەپەندى، — بىراق، مۇمكىن بولسا، بۇ گەپلەرنى ئايالىمغا
ئۆز ئاغزىڭىز بىلەن دېگەن بولسىڭىز.

دوختۇر ماقۇل بوپتۇ.

فرىد ئەپەندى ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئايالى
جىددىيلەشكەن ھالدا دەپتۇ:

— مەن دوختۇر بىلەن پاراڭلاشتىم، سۆيۈملۈكۈم،
سىز ئاران ئوتتۇز كۈن ياشىيالايدىكەنسىز!

## توي كەمپۈتى

شىركەتتە ئىشلەيدىغان بىر قىز يۇرتىغا توي قىلغىلى
كېتىپ، بىر ئايدىن كېيىن قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ئىشقا
چۈشكەن كۈنى، خىزمەتداشلىرىغا سېغىز كەمپۈت تارقىـ
ـتىپتۇ.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ — دەپ ھەيران بولۇشۇپتۇ
خىزمەتداشلىرى.

— بۇ دېگەن مېنىڭ توي كەمپۈتۈم، — دەپتۇ قىز
ھېچ ئىش بولمىغاندەك قىياپەتتە.

— سېغىز كەمپۈتنىمۇ توي كەمپۈتى قىلغىلى بولامـ
ـدۇ؟

— نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ — دەپتۇ قىز، — سىلەر

سېغىز كەمپۈت بىلەن تويىنىڭ ئوتتۇرسىدا ئوخشاشلىق بارلىقىنى خىيالىڭلارغا كەلتۈرۈپ باقمىغانمۇ؟ ھەر ئىككە-سى دەسلىپىدە تاتلىق بولىدۇ، چاينالغانسېرى بەتتەم بولۇپ قالىدۇ ئەمەسمۇ؟!

## چۈشەندۈرۈش

تېلېفون تاڭ سەھەردە جىرىڭلاپ كەتتى. مەن غودۇڭشىغىنىمچە تۇرۇپكىنى قولۇمغا ئالدىم.

— ۋەي، كىم؟ — دېدىم مەن خاپا بولغان ئاھاڭدا.

— سوفىيە، باغرىم، تېلېفوننى قويۇۋەتمەڭ؟ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ بېقىڭ...

— بىراق ... — شۇنداق دېيىشىمگە، قارشى تەرەپ سۆزۈمنى بۆلۈۋەتتى:

— مەن قەسەم قىلاي، ئەمدى ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن، سىز مېنىڭ بۇ دۇنيادىكى بارلىقىم!

— لېكىن...

— ياق! گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، سىز بولمىسىڭىز، مەن بۇ دۇنيادا ياشىمايمەن!

بۇ چاغدا، يېنىمدا تۇرغان ئېرىم قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— سەن تېخى باشقا بىر ئەرنىمۇ تېپىۋالدىڭمۇ، سوفىيە؟

— ئاھ! ... — قارشى تەرەپنىڭ ئېچىنىشلىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مەن سوفىيە ئەمەس! — مەن ئاچچىقىمدا قاتتىق

ۋارقىرىدىم، — سىز تېلېفوننى خاتا ئۇرۇپسىز!

— نېمىشقا بالدۇرراق دېمەيسىز، — ھېلىقى ئەر كوتۇلداپ كەتتى، — ئەمدى مەن بۇ گەپلەرنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلايدىغان بولدۇم!

ئۇ شۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ، كەينىدىن پەس ئاۋاز-دا سورىدى:

— خانىم، ئېيتىڭا، سىزنىڭچە بايا دېگەنلىرىمنىڭ ئۇنۇمى بولارمۇ؟

## شېكىسپىر بىلەن ئوينىما

ئانا: بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق غەلىتە گەپلەرنى قىل-ما، ئاڭلىدىڭمۇ؟

قىز: بۇلار شېكىسپىر دېگەن گەپلەر تۇرسا!

ئانا: شۇنداقمۇ؟ ئەمىسە، بۇنىڭدىن كېيىن شېكىس-پىر بىلەن بىللە ئوينىغۇچى بولما!

## بىرلا كەسىپ بىلەن جان باققىلى بولامدۇ

بىر دىۋانە بىر خانىمنىڭ ئىشىكىنى قېقىپتۇ.

— تۇۋا گۇناھنى يەر، سەدىقە بالانى!... مېنىڭدەك بىر بىچارە رەسسامغا رەھىم قىلىڭ، خانىم! مېنىڭ سەك-سەن ياشقا كىرىپ قالغان كېسەلچان ئانام بار...

خانىم دىۋانىگە سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن دەپتۇ:

— ھوي، سەن بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى بۇ ئۆيگە

كەلگەنغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق، خانىم.

— شۇ چاغدا سەن ئۆزۈڭنى مۇزىكانت، دەۋاتاتتىڭغۇ؟

— شۇنداق دېگىنىممۇ راست، — دەپتۇ دېۋانە بىردەم تۇرۇپ قېلىپ، — ئويلاپ بېقىڭ، خانىم، مېنىڭ مۇشۇ ئەھۋالىمدا بىرلا كەسىپ بىلەن ئۆزۈمنى ۋە سەكسەن ياشلىق ئاپامنى بېقىپ كېتەلىشىم مۇمكىنمۇ؟

## مۇشۇكنى كۆتۈرۈۋالىمەن

ئەر - ئايال ئىككىيلەن قاتتىق ئۇرۇشۇپ، بىردەمدىن كېيىن يەنە ئەپلىشىپ قالدى.

ئايال: مېنى كەچۈرۈڭ، جېنىم! يۈزىڭىزنى تاتىلىۋاپتىمەن، سەيلىگە قانداقمۇ چىقارسىز ئەمدى؟

ئەر: ھېچقىسى يوق، مەن مۇشۇكىمىزنى كۆتۈرۈۋالسام بولىدۇ.

## مەن گاس - گاچا

تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، قارا كۆزەينەك تاقىۋالغان بىر دېۋانە يول ياقىسىدا ئولتۇراتتى. ئۇ بىر قولىدا شىلەپىسىنى كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، ئۈستىگە: «ئەمالارغا شەپقەت قىلىڭلار!» دېگەن خەتلەر يېزىلغان بىر باغاقچىنى چاپلىۋالغانىدى.

بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئايال ئۇنىڭغا ئىچ

ئاغرىتىپ، ھەمىيىنىدىن بىر دوللارنى چىقىرىپ ئۇنىڭ شىلەپىسىگە تاشلىدى.

— رەھمەت، شەپقەتلىك خانىم، — دېدى دىۋانە شۇ ھامان، — سىزنىڭ بۇ بىر دوللىرىڭىز مەن بۇگۈن چۈشتىن بۇرۇن تاپقان پۇللارنىڭ ئەڭ چوڭى.

— مەن تېخى سىزنى ئەما دەپ قاپتىمەن! — دېدى ئايال ھەيران بولۇپ.

— مەن ھەر كۈنى بۇ يەردە ئولتۇرىدىغان دىۋانىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇپ تۇرۇۋاتىمەن، خانىم. ئۇ كىنوخانىغا كەتتى، مەن ئەما ئەمەس، گاس ـ گاچا.

## گۇمان

سىمىت ئەپەندى ئاچچىقلانغان ھالدا ئايالىغا دېدى:

— ئۇقمىدىم، قايسى شۇمتەك ھەمىيىنىمدىن پۇل ئوغرىلىغاندۇ؟

— سىز ئۆزىڭىزنىڭ بالىلىرىدىن گۇمانلانسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ پۇلنى ئۇلار ئەمەس، مېنىڭ ئالغان بولۇشۇمۇ مۇمكىنغۇ!

— بۇ پۇلنى ھەرگىز سىز ئالغان ئەمەس، چۈنكى ھەمىيىنىم پۈتۈنلەي قۇرۇقدىلىپ قالماپتۇ!

## ھەيران قالارلىق رېكورت

— ئاۋۇ قىز سۇ ئۈزۈشتە ھەيران قالارلىق رېكورت

ياراتتى.

— قانداق رېكورتنى؟

— بىر ھەپتە ئىچىدە كىشىلەر ئۇنى يەتتە قېتىم قوتقۇزۇۋالدى.

## بازىرى چىققان قېچىر

بىر قېچىر بىر دېھقاننىڭ قېينانىسىنى تېپىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. مېيىتنى ئۇزىتىشقا ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەر كەپتۇ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەرلەر ئىكەن.

پوپ تەسىرلەنگەن ھالدا دېھقانغا دەپتۇ:

— قارىغىنا، شۇنچە كۆپ ئەرلەر ئالدىراش ئىشىنى تاشلاپ، قېيناناڭنى ئۇزىتىشقا كەپتۇ.

— ئۇلار مېيىتنى ئۇزىتىشقا كەلگىنى يوق، — دەپتۇ دېھقان پوپقا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، — ئۇلار قېچىرىمنى سېتىۋالغىلى كەلگەن!

## سەت كۆرۈنىدىغان شىلەپە

شىلەپە دۇكىنىغا بىر قىز كىرىپ كەپتۇ.

— خەيرلىك ئەتىگەن، خانقىز، — دەپتۇ خوجايىن تەبەسسۇم قىلىپ.

— خەيرلىك ئەتىگەن! — دەپتۇ قىز، — ۋېترىنادا قوڭۇر رەڭلىك، قىزىل گۇل كەشتىلەنگەن بىر شىلەپە بار ئىكەن، شۇنى ئېلىۋەتسىڭىز.

— بولىدۇ، خانقىز، — دەپتۇ خوجايىن قىزغىنلىق بىلەن، — سىزنىڭ كۆزىڭىز بار ئىكەن، ھەقىقەتەن چىرايلىق شىلەپىنى تاللىۋالدىڭىز.
ئۇ شىلەپىنى ئېلىپ كېلىپ سوراپتۇ:
— قۇتىسىغا سېلىپ بېرەيمۇ ياكى كىيىپ كېتەمسىز؟
— ياق، مەن ئۇنى سېتىۋالماقچى ئەمەس، — دەپتۇ قىز خاپا بولغان ھالدا، — نەچچە ئاي بولدى، ھەر كۈنى دۇكىنىڭىزنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭغا كۆزۈم چۈشسىلا، مىجەزىم قوداڭشىپ قالىدۇ. بۇ نەرسىڭىز بىلەن مېنى بىزار قىلماڭ.

## ياخشى كۆرۈش

ئاتا قىزىدىن سورىدى:
— قىزىم، سەن قايسى دەرسنى ياخشى كۆرىسەن؟
— ماتېماتىكا دەرسىنى ئەڭ ياخشى كۆرىمەن.
— راستىما؟
— شۇنداق بولمايچۇ! چۈنكى، بىزنىڭ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىمىز پات - پات رۇخسەت سورايدۇ.

## ئايالنى سېغىنىش

ئەر: سۆيۈملۈكۈم، بۇ قېتىم سەپەرگە چىقىپ كەتكىنىمدە، سېنى ئەجەبمۇ سېغىندىم.

ئايال: قارىغا سىزنى، مېنىڭ كەتكىنىمگە ئارانلا تۆت كۈن بولدىغۇ!

ئەر: بىراق، مۇشۇ تۆت كۈندە ھەرقانچە ئىزدەپمۇ پۇل بار تارتمىنىڭ ئاچقۇچىنى تاپالمىدىم ـ دە!

## سۇيۇقئاش ۋە ئىشتانباغ

تومسون ئەپەندى تالڭ سەھەردە چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئايالى چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ئېرىگە قاراپ، كۆيۈنگەن ھالدا سورابتۇ:

— ۋىيەي، نېمە بولدىڭىز؟ مىجەزىڭىز يوقمۇ؟

— ھېلى بىر چۈش كۆرۈپتىمەن. چۈشۈمدە مەن ئىتالىيىنى ساياھەت قىپتىمەن، يەنە تېخى ئىتالىيىنىڭ دۇنياغا داڭلىق سۇيۇقئېشىنىمۇ ئىچىپتىمەن.

— ياخشى چۈش كۆرۈپسىزغۇ! يەنە نېمىگە چىرايىڭىز بۇنچە تاتىرىپ كەتتى؟

— بىراق، ئويغىنىپ قارىسام، كالتە ئىشتىنىمنىڭ بېغى يوق تۇرىدۇ!

## ئىككى دەردمەن

— ئايالىم دائىم بۇرۇنقى ئېرىنىڭ گېپىنى قىلىپ جېنىمغا تېگىدۇ.

— سېنىڭ كۈنۈڭنى ھەرھالدا يامان دېگىلى بولمايدىكەن. مېنىڭ ئايالىم دائىم كەلگۈسى ئېرىنىڭ گېپىنى

قىلىپ ئەرۋاھىمنى ئۈچۈرىدۇ.

## پۇل تېخىمۇ چىرايلىق ئىكەن

يېقىندىن ئىشقا چۈشكەن سۇسان دوستىغا ھەسرىتىنى ئېيتىپتۇ:

— مەن ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقىدەك چىرايلىق ئەمەسلىكىمنى بىلىپ قالدىم.

— نېمىشقا بۇنداق ئويلاپ قالدىڭ؟

— ھازىر كىشىلەر پەقەت پۇل ساناش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ماڭا زادىلا قارىمايۋاتىدۇ.

## بۇ ئايال مۇشۇ ئەتراپتىمۇ

بىر ئايال ئەينەكنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ رەسىمىنى سىزىپتۇ. ئۇ رەسىمنى سىزغانسېرى، رەسىمدىكى ئايالنىڭ ئۆزىگە ئوخشاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قاتتىق خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. رەسىم پۈتكەندىن كېيىن، ئۇ رەسىمنى كۆتۈرۈپ مەخسۇس رامكا ساتىدىغان دۇكانغا بېرىپتۇ. دۇكاندىكىلەرنىڭ ھەممىسى رەسىمگە زوق بىلەن بىرھازاغىچە قارىشىپ كېتىپتۇ.

ئۇلاردىن بىرى ئۇھ تارتىپ قويۇپ سوراپتۇ:

— پاھ، بۇ رەسىمدىكى ئايال ھەقىقەتەن بەك چىرايلىق ئىكەن!

ئايال ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتاي دەپ تۇرۇشىغا، ھېلىقى

كىشى يەنە سوراپتۇ:

— ئېيتىڭا، خانىم، بۇ ئايالنىڭ ئۆيى مۇشۇ ئەتراپتىدىمۇ؟

## خاتىرجەم بول

دوختۇر ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان سارانى بىر قۇر تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ساقىيالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، سارا ئېرىگە دەپتۇ:

— مەن بۇ دۇنيادىن كېتىدىغان ئوخشايمەن، سىزنىڭ قەسەم قىلىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن!

— نېمىدەپ قەسەم قىلىمەن؟

— ئەگەر سىز قايتا ئۆيلەنمەكچى بولسىڭىز، مېنىڭ كىيىملىرىمنى يېڭى ئايالىڭىزغا بەرمەڭ.

— بۇنىڭغا مەن قەسەم قىلالايمەن. چۈنكى، ئەمدى ئۆيلەنسەم، سېنىڭدەك سېمىز ئايالنى ئالمايمەن.

## ئىككى قېتىملىق مەغلۇبىيەت

— مەن ئىككى قېتىم نىكاھلاندىم، ئىككىلا قېتىمدا مەغلۇپ بولدۇم.

— قانداق بولۇپ؟

— تۇنجى ئايالىم بىلەن ئاجرىشىپ كەتتىم، ئۇ دەرھال باشقا بىر كىشى بىلەن كېتىپ قالدى.

— ئىككىنچىسىچۇ؟

— ئىككىمىز پات - پات ئۇرۇشىمىز، ئۇرۇشقاندىمۇ بەك دەھشەت ئۇرۇشىمىز. بىراق، ئۇ زادىلا كەتكىلى ئۇ-نىمايۋاتىدۇ.

## خاتا ئويلاپ قاپتىمەن

بىر ئايال ئاپتوبۇسقا چىقىپتۇ. ئاپتوبۇستا بىرمۇ بوش ئورۇن يوق ئىكەن. بىر ئەر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ، ھېلىقى ئايالغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىپتۇ. ئايال گەپ - سۆز قىلماي ئۇنىڭ ئورنىغا ئولتۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا، ھېلى-قى ئەر ئارقىغا بۇرۇلۇپ سوراپتۇ:

— نېمە دېدىڭىز، خانىم؟

— مەن ھېچنېمە دېمىدىم.

— شۇنداقمۇ؟ مېنى كەچۈرۈڭ، خانىم، مەن تېخى سىزنى «رەھمەت» دېگەن ئوخشايدۇ دەپتىمەن.

## پەيلىدىن يېنىش

ئايال: بۈگۈن مەن ئاناڭنى ئۆيگە ياندۇرۇپ كەلمەك-چىمەن.

ئەر: پاھ، ھەيران قالارلىق ئىشقۇ بۇ! سەن ئاخىر پەيلىڭدىن يېنىپسەن - دە؟

ئايال: ئۇنداق ئىش يوق، بىراق سەن كىرئالغۇمىز-نىڭ بۇزۇلۇپ قالغىنىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection
(https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAzMjA5NjAuemlw",
"filename_decoded": "40320960.zip",
"filesize": 6538748,
"md5": "de7206c2d3392fd71ab6756f14af2b75",
"header_md5": "5c67aeb44f6e21656697f7643c4f779a",
"sha1": "4251104c2e79a2efc5621231b939dc67a6bda868",
"sha256": "819ee3c0c45d19c264f7eb52e6861d6e16f6f02092178c43bf0a1a2535b709a2",
"crc32": 3954437796,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 6784494,
"pdg_dir_name": "\u2554\u2518\u253c\u00ab\u2559\u2500\u2500\u00bc\u255b\u00bd\u2557\u00ac
\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40320960",
"pdg_main_pages_found": 189,
"pdg_main_pages_max": 189,
"total_pages": 194,
"total_pixels": 597761408,
"pdf_generation_missing_pages": false
}